# ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەسەرلىرى

## ئابدۇقادىر جالالىددىن



ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

# مۇندەرىجە


1. يىغلىمايمەن، لېكىن ئويلايمەن ........................................ 3
2. مۇھەببەتتە «مەن» ۋە «ئۇ» ........................................ 10
3. يىللار نېمىسى بىلەن يېڭى؟ ........................................ 12
4. قانداق ئاتا بولۇش كېرەك؟ ........................................ 15
5. ساراتوگا شەھىرى (خاتىرە) ........................................ 16
6. يوقنىڭ گېپى بولدى،ئېپى بولمىدى ........................................ 24
7. مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........................................ 37
8. شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى تەنھا ئارال ........................................ 53
9. ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار ........................................ 66


ئېلكىتاب ئىشلىگۈچىدىن:

مەزكۇر ئېلكىتاب ئەسەر ئېلان قىلىنغان ئەسلى مەنبە ۋە باشقا تور مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاپتورلۇق هوقۇقى ئەسلى ئاپتورغا مەنسۇپ! گۇرۇپپىمىز پەقەت بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ كۆپ تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ۋە تورداشلارنىڭ بۇ ئەسەردىن پايدىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىقتى. ھەرقانداق شەخس ياكى ئورگاننىڭ بۇ ئېلكىتابنى سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ، بۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان جاۋابكارلىققا گۇرۇپپىمىز بىردەك ئىگە بولمايدۇ.

مەنزىل ئېلكىتاب ئامبىرى

2016 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# يىغلىمايمەن، لېكىن ئويلايمەن

ئۆلۈم ھەققىدىكى بارلىق خەۋەرلەر بىزگە شۇنچە تاسادىپىي ئاڭلىنىدۇ، بىز تامامەن تەييارلىقمىز يوق ھالەتتە، قايسىدۇر بىر يېقىنىمىزنىڭ، قايسىدۇر بىر ئىخلاس قىلغان ئادىمىمىزنىڭ بىزدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمىز. بەلكىم ئۇ بىز بىلەن قېرىنداش، ۋەتەنداش؛ بەلكىم ئۇ بىزدىن يىراق بىر ئىقلىمدىكى يات بىر تىلدا سۆزلەيدىغان قەھرىمان ياكى بىر ئىلىم ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن...

بىراۋنىڭ بىز ئۈچۈن ئەرزىگەن بىرەر ئىش - ھەرىكىتى ياكى روھىمىزنى يۈكسەلدۈرگەن بىرەر سۆزى ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىزنى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ھادىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۆلۈم كۈتمىگەندە كېلىدۇ ياكى شەپىسىنى بېرىدۇ، كۈتمىگەندە خەۋەر بولۇپ تارقىلىدۇ، چۈنكى ھېچبىر ئىنسان ئۆلۈمنى رازى بولۇپ كۈتكەن ئەمەس.

ماڭا يېقىنقى مەزگىللەردە ئۆلۈپ كەتكەن گارسىيە ماركوس، ئامبېرتو ئېكولا ھەققىدىكى خەۋەرلەرمۇ تىمتاس ئويلىنىش ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم. نېمىلەرنىدۇر ئويلىدىم، «كەلگەنلەر قايتىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى تەلقىن قىلىپ باقتىم، «قايتقانلاردىن نېمە قالىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ باقتىم.

ئەييۇھەنناس، ئىككى ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۈچ قەلەم ساھىبىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئاخىرەتكە كېتىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىدىم: قۇربان بارات، سەمەت دۈگايلى، قادىر ئەكبەر! دەرۋەقە ھېچكىمنىڭ كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە ھۆددە قىلالمايمىز، چۈنكى قانۇنىيەتنى بۇزۇشقا ھەددىمىز يوق، ئۆز ئالدىمىزغا ئۆچۈرەت تىزىدىغانغا ھەققىمىز يوق، ھاياتلىق ھۆكۈمى ئالدىدا پەرقىمىز يوق.

شۇ ئارىدا 20 ياشلىق گۈزەل بىر ئوقۇغۇچى قىزمۇ ئاتا - ئانىسىغا خوش دېمەيلا، مىنۇت ئارىلىقىدا كېتىپ قالدى. ئۆلۈمدىن قورقىدىغان، لېكىن ئىبرەت ئالمايدىغان تىرىكچىلىك ئەھلى ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قالدى، كۆز ياشلىرى قۇرۇغىچە هايات قايناملىرىدا لەيلەپ قالدى.

ئادەملەردىن خۇش خەۋەر تەمە قىلىپ ئاغزىغا قاراپ ئۈمىدسىزلىنىمەن. ئۇندىدارلاردا قايغۇلۇق خەۋەرلەر قاغىدەك ئۈچۈپ يۈرىدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تاش بولغىن يۈرىكىم، تاش بولغىن پەقەت» دېگىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولىمەن.

قۇربان باراتنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدا، زېھنىم ئۇنىڭ تالاي تەسىرلىك مىسرالىرىنى ئارىلاپ چىقتى. بۇ مىسرالار ئۇنىڭ قارا رەخت بىلەن يۆپۈقلانغان تاۋۇتىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچۈپ يۈرگەندەك كۆرۈندى.

ئۈرۈمچىنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرىدا بىر يېشىل هايات قاناتلىرىنى كەرمەكتە ئىدى.

ئوبزورچى خۇددا بەردى ئابدۇللانىڭ ئېيتىشىچە، قۇربان بارات ئۇزۇن مۇساپىلىك بىر شېئىري رومانىنىڭ مېھنەتلىرى ئىچىدە قەلىمىنى ئارگىنال قەغىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا مەجبۇر بولغىنىچە، تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپتۇ. شۇنداق، يۈرىكى ئەلگە بېغىشلانغان ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە جەسۇر پىداكارلارنىڭ مېڭىسى ھېچقاچان پېنسىيەگە چىقمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن غۇرۇرسىز ۋە پىكىرسىز ئۆتكەن كۈنلەر هايات ئەمەس.

قادىر ئەكبەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيەسى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئاممىباب ماقالىلىرى ماڭا جىق نەپ بەرگەن ئىدى. ئويلاپ باقسام، ئۇ كىشىگە مۇناسىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتىمەن. ئەھلى پازىللارنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە ئوخشاش بىر بۇيرۇق ئۈچۈن تويلىنىپ بولغان قوشۇنغا ئوخشايدۇكى، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ جىسمىنى تونۇماي تۇرۇپمۇ پاراڭلىشىپ تۇرغان بولىدۇ.

«يازغۇچى سەمەت دۈگايلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەھەردە ۋاپات بولدى» - بۇ خەۋەرنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىغاندەك بولدۇم، شۇ مىنۇتلاردا ئىنكاسىم مۇجمەللىشىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەربىر پاكىت ئىدى، مۇزدەك پاكىت ئۆزىنى سوغۇققان قوبۇل قىلدۇردى. ئەمدى سەمەت دۈگايلىنى بىز بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ۋاقىت زىنھار قالمىغان ئىدى، ئەمدىكى رىشتە ئۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، «سەمەت دۈگايلى زادى قانداق ئادەم؟» دېگەندەك سوئاللار ئىلكىدە گادىرماش بولۇپ يۈردۈم. روشەنكى، دەرھال ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ شەخسىيىتى، مىجەزى، خىزمىتى، كىشىلىك ھايات قارىشى، ئەسەرلىرى، ئەسەرلىرىنىڭ قاتلىمى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا رىيازەتلىك ئىزدىنىشنى باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قىسقىغىنە بىر پارچە ماقالىدە توختىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئەمگەكنى بىرلا ئادەم تاماملاپ بولۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن يۇقىرىقى ئۈچ ئەدىب ئارقا - ئارقىدىن ئۈزاپ كەتكەندە، مۇنداق تەسىراتتا بولدۇم: ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا ھېچكىم خاتىرىلىمىدى، ئەسەرلىرى ۋە تۆھپىلىرى توغرىسىدا ئەرزىگۈدەك ئەقلىي ئىنكاسلار بولمىدى؛ ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تاراتقۇلاردا تارالدى، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە ئىزىغا چۈشتى، ئادەملەردە تىرىكلەرنىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە تۈزۈك مۇلاھىزىلەر بولمىدى. ياخشىغا مۇھەببەت يوق، يامانغا نەپرەت يوق، بۇ نېمە ئىشتۇ! ؟ قورقىمەن مۇشۇنداق ھالەتتىن. . .

مەن ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىنى «مېھرابتىن چايان» دېگەن ئەسەر ئارقىلىق كۆرگەندىن كېيىن، ئەدەبىياتقا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈ بىلەن ھازىرقى قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئىدىم. بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر تىلشۇناسلار، تارىخچىلار، قەلىمى ئەلگە تونۇلۇش شائىرلار، پىشقان پېداگوكلار ئۆزلىرىدە ئىجادكارلىق،

پەرۋىشكارلىق، پىداكارلىق پەزىلەتلىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىلمىي ھاۋانى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئەسلىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئىلمىي كەيپىيات ۋە بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار تويى مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر تېما ئىدى. ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار تويىمۇ پېداگوگىكا ئىلمى ساھەسىدىكى ئاجايىپ تېما. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ دەۋردىكى سۆيۈملۈك ئىلمىي سىمالار كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن يىراقلاپ كېتەرمۇ؟ دېگەن تەشۋىش مېنى پات - پات پۇچىلايدۇ.

ساۋاقداشلار ئىچىدە، بولۇپمۇ قەلەمگە ھېرىسمەن دوستلارنىڭ ئارىسىدا سەمەت دۇگايلىنىڭ گېپى جىق بولاتتى. مەنمۇ سەمەت دۇگايلىنى ئەڭ باشتا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مەندىن ئىلگىرى ئوقۇشقا كەلگەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېكايەتلىرى ئارقىلىق تونۇشقا باشلىغان ئىدىم. ساۋاقداشلارنىڭ تەسۋىرىدە، سەمەت دۇگايلى دەرسنى يۇمۇرلۇق قىلىپ ئەركىن سۆزلەيتتى، دەرستە بەزى پېداگوگىكىلىق تەرتىپلەرگە ئانچە رىئايە قىلىپمۇ كەتمەيتتى، كونسېپكىلارغا باغلىنىپمۇ قالمايتتى، جانلىق نەق مەيدان مىساللىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئابستراكت ئوقۇملارنىڭ ئىچىگە خۇشياقتۇرۇپ تەبئىي باشلاپ كىرەلەيتتى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەر، دوستانە ئۆتەتتى، ھەۋەسكار بالىلار ئۇنىڭ ياتىقىغا خالىغان ۋاقىتلاردا كىرىپ چىقالايتتى. ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇنچىلىك تەسىر قىلالايدىغان قانداق ئادەمدۇ بۇ؟ مېنىڭ ئۇنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى.

بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشىم: «سەمەت مۇئەللىم ئاۋۇ ئىشخانىدا تۇرىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى، مەن دەرھال چىقىپ، ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىشقا پېتىنالماي، يوچۇق ئارقىلىق كۆردۈم. ئۇ بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن تىكتاك توپ ئويناۋاتقان ئىكەن، بېشىغا شەپكە، ئۈچىسىغا كۆك خادانى چاپان كىيىۋالغان، كۆزەينەكلىك، ئوتتۇرا بويى بىر ئادەم دەل سەمەت دۇگايلى ئىدى. مانا بۇ مېنىڭ سەمەت دۇگايلىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن تۇنجى

قېتىم كۆرۈشۈم.

كېيىن مەن ئوقۇتقۇچۇم سەمەت دۇگايلىنىڭ «جۇشقۇن ئېقىم»، «نۇرلۇق قەلبلەر» قاتارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەرلەردە مۇئەللىمنىڭ ئىجادكارلىق روھى ۋاللىدە چاقناپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئايرىم تەسۋىر ۋە دېتاللاردىن ئۇنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى كۆرگىلى بولاتتى. سەمەت دۇگايلى پۈتۈن قەشقەر شەھرىدىكى يازغۇچىلار توپى ئارىسىدىمۇ قىزىقارلىق تىپما ئىدى. كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن ئايانكى، ئۇ تالانتلىق، ئەمما مىجەزى چۇس، لوكچەك مىجەز ئادەم ئىدى. سۈنئىي مۇرەسسە - مادارا بىلەن كېلىشەلمەيتتى، قاندىلاق ئويلىغان بولسا شۇنى دەيتتى، كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرمايتتى، ئەمما كىشىلەرگە غەرەزلىك شۇملۇقلارنى ئويلاپ، مەخسۇس چوت سوقۇپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايتتى. كىشىلەر بىلەن غەرەزسىز، خالىس ئارىلىشاتتى، ئۇنىڭ چۇس، ئۇدۇل مىجەزى بىلەن كېلىشەلىگەن ئوچۇق يۈرەكلىك ئادەملەرلا ئۇنىڭ بىلەن ئۆلپەتلىشەلەيتتى. سەمەت دۇگايلىنىڭ قىزىققان، يۇمۇرلۇق، تۈزۈتسىز خاراكتېرى ۋە ياساالمىدىن خالى تىكەنلىك، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى چىدىغان ئادەمگە باشقىچە ھوزۇر بېرەتتى. ئۇ قىزىرىشىپ قالغان ئادەملىرىگە ئارتۇقچە ئاداۋەت ساقلاپمۇ يۈرمەيتتى، ئۆزىنى ئەدەب، دەپ پەش قىلىپمۇ يۈرمەيتتى. گۈزەر، يارباغ، ھېيتگاھنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى، مەدىكارلىرى ۋە ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن توخۇپېز ۋە ئۆپكە - ھېسىپچىلارنىڭ غالتەكلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تۇرمۇش غەنىمەتلىرىدىن زوق ئالالايتتى.

كېيىن سەمەت دۇگايلى مۇئەللىم بىزنىڭ سىنىپقىمۇ يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتتى. بىۋاسىتە ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، ئۇ تاشقى ئوبرازىغا ئېتىبار بېرىپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. كۆڭلەك ۋە چاپانلىرىنىڭ ياقىسى پۈرلەش يۈرۈۋېرەتتى، قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇسىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ۋە مۇھىتقا ئېرەنسىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، گەپ قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلاتتى. ئۇ سىنىپقا كونسىپىكنىلا كۆتۈرۈپ ئەمەس، مول ئىچكى

دۇنياسىنى باشلاپ كىرەتتى، دەرستىكى مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئاشۇ بەدىئىي ئىچكى دۇنياسى، ئىجادىيەت تەجرىبىسى، خىلمۇخىل ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ياسالمىلىقتىن نېرى خاراكتېرى، راۋان نۇتۇق ئىقتىدارى بىلەن ناھايىتى جەلپكار نەرسىگە ئايلىناتتى، شۇڭلاشقا ساۋاقداشلىرىم ئۇنىڭ دەرس ۋاقتى يېتىپ كەلگىچە تەقەززا بولاتتى. ئۇنىڭ ئەركىن دەرس ئۆتۈش ئۇسلۇبى قانداقتۇ ئۇنىڭ مەلۇم پېداگوگىكىلىق بىلىملىرىدىن كەلگەن بولماستىن، خاراكتېرىدىن كەلگەن ئىدى. مەن ئۆزۈمدىمۇ مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ ئۇسلۇبىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بار، دەپ قارايمەن. سۈرۈشتۈرسەم، سەمەت دۇگايلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا 1980 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ قەشقەر شەھەرلىك ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش كالونىدا ئىشچى تەرجىمان بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر شەھەرلىك ئۆي مۈلۈك شىركىتىدە ئىشلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەسكەرلىكتە تۇرغان ئىكەن.

شاھىدلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ 1946 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان، پۈتكۈزگەن ئەڭ چوڭ مەكتىپى ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىغا، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىھاتلىق يازغۇچىسىغا، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمانىغا ئايلىنالىغان ئىدى. بۇنى قانداقتۇر بىر غايىۋانە تالانتىنىڭ قۇدرىتى دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى تالانتمۇ ئەمگەك ۋە تىرىشچانلىقتىن مۇستەسنا ھالدا نۇر چاچالمايدۇ. سەمەت دۇگايلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ ئۈلگىسى دېيىش كېرەك. ئۇ «نۇرلۇق قەلبلەر»، «گۈلئايىم»، «ھايات شاماللىرى» (ئالتە توم) ، «جۇدۇنلۇق كەچكۈز»، «ئاقارغان ئۇپۇق»، «نېسىۋە» ھەم نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «زىبا زەنجىر»، «قەشقەر بوسۇغىسىدا» قاتارلىق رومانلارنىڭ؛ «غۇنچىمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ؛ «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە»، «كىچىك لەقۋا»، «قوموش پۈپۈكى»، «قارا قۇتنىڭ سىرى» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېستلارنىڭ؛ «يەتتە تىللا»، «تۇمانلىق قىرغاق» قاتارلىق نادىر

ھېكايىلەرنىڭ: «شائىر ئۆلمەيدۇ»، «ئامانىسساخان»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ، شۇنداقلا بىر تۈركۈم ئىلمىي نەزەرىيەۋى ماقالىلەرنىڭ، قوللانما كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىدىمۇ سەمەت دۇگايىلىنىڭ بەلگىلىك ئەمگىكى بار. سەمەت دۇگايىلى بىر ئۆمۈر ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ئادەم، شۇڭا ئۇ كۆپ تەرەپلىمە سەمەرىلىك ئەمگەكنىڭ ئىگىسى بولالىدى. ئەسلىدە سەمەت دۇگايىلى ئەسەرلىرىنىڭ يۇرۇشلۇك نەشرى نەشىردىن چىقىپ بولسا بولاتتى، بىراق ئۇ نەشرگە تاپشۇرغان ئەسەرلىرىنىڭ روياپقا چىققىنىنى كۆرمەيلا، دۇنيادىن خوشلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرەسسەسىز، ئۆزھال مىجەزى بىلەن ياشاپ ئۆتكەچكە، ئۇنى سەھنىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ چاقىنتىدىغان ئادەملىرى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىدىكى كۆلەم، قاتلام ۋە چوڭقۇرلۇققا يارىشا باھاغا ئېرىشەلمىدى. يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز زاماندashلىرىنىڭ يېتەرلىك ئېتىبارىغا ئىگە بولالمىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەقلىي پائالىيەتلەر ئېنىق مەۋقەدىن خالى، ئىستىخىيەلىك، چېچىلاڭغۇ ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بىرەر ئەدىب ياكى سەنئەتكارنىڭ باش - ئاخىرى بار ئىزچىل ئىلمىي پوزىتسىيەگە ئېرىشىمىكى ناھايىتى تەس. ئەنە شۇ قاتاردا سەمەت دۇگايىلىنىمۇ ئۆز دەۋرى تەرىپىدىن تولۇق چۈشىنىشكە ئېرىشتى دېيەلمەيمىز. ئۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق تەنقىدچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارغا ناھايىتى كۆپ سوئاللارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەن بىر كۈنى ئۇندىداردىن «ئۆلۈم ھاياتنىڭ قانچىلىك يالغان بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇپ، خىياللارغا پاتقان ئىدىم. بۇ ئۆلۈمنىڭ كەسكىنلىكى ئېلىپ كەلگەن زەربىدىن ئويغانغان ئۈمىدسىز تەسراتتەك بىلىندى. ھايات چىن نەرسە، ئۆلۈم تېخىمۇ چىن نەرسە. ئۆلۈم بولمىسا ئىدى، بەلكىم ھاياتنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويار بولغىيدۇق. خۇددى بارلىق بىلەن يوقلۇق بىر - بىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك، ھايات بىلەن ئۆلۈممۇ بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ مەنىسىنى ئىلگىرى

سۈرىدۇ. ھايات بىلەن ئۆلۈم تەبىئىي قانۇنىيەتلىك ھادىسە بولۇش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي مەنىگىمۇ ئىگە. شۇنداق ئۆلۈملەرمۇ بولىدۇكى، ئۇ تەقدىر خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، دەۋرنىڭ روھىنى، تۈزۈلمىسىنى، مەدەنىيەت ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بىر توپ ياكى بىر دەۋرنىڭ مەنىۋىيتى بىلەن باغلانغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى مۇئەييەن ئويلاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، بۇ يەردىكى مەسىلە كىشىلەرنىڭ قانداق ئويلىشىدا. شائىر نازىم ھېكمەت: «ئۆلۈمنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن، ھايات ئادىل بولۇشى كېرەك» دېگەن بىر سۆزنى ئېيتقان ئىكەن. روشەنكى، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئىگە بولغان مەزمۇن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىكى قىممەتنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا، ھاياتىمىزدىكى ھەربىر تالالاشتا ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرالىدۇقمۇ - يوق؟ جاۋاب نۆۋەتتىكى مەسىلە.

سەمەت دۇگايلى، قۇربان بارات، قادىر ئەكبەرلەردىن ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئايرىلدۇق. مۇشۇنداق بىلگىنلەر تۈپىنى يارىتىشقا قانچە زامانلار كەتتى؟! بىراق ئۇلاردىن بىر دەمدىلا ئايرىلىپ قالدۇق. شۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇكى، ھاياتتىكى «بىر دەم» بىلەن بىر ئۆمۈرنىڭ مۆھلىتى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. يىغلاش ئىنسانىيلىق، ئويلاشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئىنسانىي كامىللىق!

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

## مۇھەببەتتە «مەن» ۋە «ئۇ»

ماددىي مۇھتاجلىق ۋە ئاداقسىز نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە ياتلىنىشىپ كەتكەن ئادەملەرنى قويۇپ تۇرايلى، قەدىرىيەت تۈيغۇسى ئۇنتۇلمىغان كىشىلەر ھامان ھېسسىيات بىلەن ياشايدۇ. شەرق مۇتەپەككۇرى جالالىددىن رۇمى ئۆزىنىڭ دىدىكىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئامالسىز قالغان پادىشاھ ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. زۇلەيخانىمۇ چارىسىز

قالدۇرغىنى ئۆزى سېتىۋالغان بىر قۇل ئەمەسمىدى! ئىنسان ھېسسىيات كىرزىسىگە يولۇققاندا، ئىنسانىيلىق ئەڭ قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ سىناقتا بىر بولسا پارە - پارە بولىدۇ، بىر بولسا ئىنسانىي ھاياتنىڭ مەنا چېكىنى بوۋىلاپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىنسانىيەتنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەت بولىدۇ. شۇڭا ئانتونىو داماشىئو «ھېسسىياتسىز ئادەملەر ئەقلىيلىككە يەتكەن، لوگىكىلىق، رەتلىك تۇرمۇشقا ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېتىقسىز ئۆتىدۇ» دېگەنىدى. بۇ يەردە بىز ئىزدەۋاتقان تۇگۇندە مۇھەببەت ياتىدۇ.

نۇرغۇن ئادەملەر مۇھەببەتكە قۇۋلۇق، مەككارلىق ئىشلىتىپ قويۇپ، مۇھەببەتنىڭ چىن مەنىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ. مۇھەببەت ئېلىپ كەلگەن ھاياجان، زىلزىلە، ئويلىنىش، شېرىنلىكلەرنى بىلمىگەن ھالدا، ئۆزىنى ھەقىقىي ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ھاياتتىن نېمىلەرگە ئېرىششىنى سىزنىڭ پوزىتسىيەيىڭىزدىكى سەممىيلىك بەلگىلەيدۇ. تۇرمۇشتا ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتنى ئويغىتالايدىغان ئوبېكت بەك ئاز. سىز ئۇلارنى ئۇچراتقاندا، يۈرىكىڭىزنىڭ سىرلىق، ساپ، ئىزتىراپلىق تېۋىشلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان سەبىيلىك ۋە ھالاللىققا ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك. بىراۋنى ياخشى كۆرۈش روھنىڭ مەھبۇب ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىشى بولۇپ، يار - ئاشىق روھىنىڭ سىمتىرىك نۇقتىسى. ئىنسان شۇ ۋاقىتتا ئىنسان بولۇشىنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇ قارشى تەرەپكە بەدەل تۆلەشكە باشلايدۇ ۋە بۇ بەدەلدىن لەززەت ئالىدۇ. «بەدەل تۆلەشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ».

قارشى تەرەپنى ئولجا دەپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن ھاياتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ئاينىپ كەتكەن نۇسخىسىنى ياشاۋاتقان ئادەملەر بولۇپ، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ دوستلۇقى، خىزمىتى، تاپاۋىتى ۋە ساخاۋىتىدە تۈزۈك مەنا بولمايدۇ. چىن سۆيگۈ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساختىلىقنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالايدۇ. ئۇ ئادەمنى بىر سابىي بالىغا ئايلاندۇرۇپ، قارشى تەرەپكە ساددىلىقنىڭ ئارەمبەخش چىمەنلىرىنى

يايدۇ. بۇ ھالدا ئىككى تەرەپ جىمجىتلىق ئارقىلىقمۇ بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىيالايدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتى سەمىمىيلىكنى شەرت قىلىشى كېرەك. كىشىلەر مۇھەببەتنى ساختىلاشتۇرۇپ بولغاندا، مەدەنىيەت ئاللىبۇرۇن پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ، بۇنداق جەمئىيەتتە نىكاھ ۋە ئائىلىمۇ ئادەت يۈزىسىدىن مەۋجۇد بولىدۇ.

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

# يىللار نىمىسى بىلەن يېڭى؟

بىزنىڭ پۇراش سېزىمىمىز ھەرقانداق چىرايلىق گۈلدەستىدىن قەدىمىدۇر، لېكىن، گۈلدەستە بىر ئېسىل مەدەنىيەت سۇپىتىدە نەزەرگە ئېلىندى، پۇراش سېزىمى ئۇنتۇلدى.

گۈل بەرگىلىرىگە ھەشقاللا ئېيتىلدى، پۇراش سېزىمىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىدى. كېسەللەرخانىسى گۈل بىلەن توشقۇزۇلدى. گۈلدەستە تەسەللىي، جاھانسازلىق ۋە ساختىلىقتا شاھىد بولۇپ، ئۇنىڭ پۇراقسىز جامالى دوختۇرخانىنىڭ ئۆلۈمدەك ئاپئاق تاملىرىغا جۇلا كىرگۈزەلمىدى.

گۈل تاماخور قەلبنىڭ نومۇسىغا يېپىنچا بولغاندا، بىز ئۇنى ئاۋات شەھەرنىڭ بىباھا مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇرۋالدۇق.

ئاشىقلار بايرىمىدا گۈل سودىسى قىزىپ كەتتى. گۈل سودا بۇيۇمىغا ئايلانغاندا، گۈلمۇ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئەقىدە باغلىغان گۈزەلمگە ئۆز قولۇم بىلەن گۈل تىرىپ، ئەجىر - مېھنىتىمدىن كەلگەن بىرتال گۈلنى تەقلىگەن ئىدىم، ئۇنى بازاردىكى گۈل بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقىدىنى سىغدۇرىدىغان ۋەتەن قالماپتۇ، دەپ ئېشەندىم.

مەندە بولغانمىغان ئاخىرقى بىر تۇيغۇراق بار ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەر

زاۋۇت سالمەن دەپ، دېۋەيلەپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇ مۇھەببەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرىدىغان زاۋۇتقۇ دەيمەن.

مۇھەببەت ئۇزۇكتىنمۇ قەدىمىي نەرسە ئىدى،
مۇھەببەت ئەتىردىنمۇ خۇشپۇراق نەرسە ئىدى.
مۇھەببەت ماشىنىدىنمۇ قاتتىق نەرسە ئىدى،
لېكىن مۇھەببەت ئۆزىنى بىۋاستە چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمىدى.
كىشىلەر مۇھەببەت دەپ چۇقان سېلىشتى، لېكىن مۇھەببەتنىڭ ئۆزىدىن قورۇق قېلىشتى.

كۆز يېشى كىتاب ۋە ناخشىلاردىنمۇ قەدىمىي نەرسە ئىدى. كىتابلار ۋە پىلاستىنكىلار ھەشەمەتلىك قەسىرلەرگە تىزىپ قويۇلدى. كۆز يېشى ئەڭ خىلۋەت ماكانلىدا ئۆزىنىڭ چىنلىقىنى ساقلاپ قېلىۋەردى. كۆز يېشىنى بازاردىن تاپقىلى بولمايدۇ، خۇددى ئىنساننى بازاردىن تاپقىلى بولمىغاندەكلا.

ئۇندىدارغا قاراغلار، يۈرەكلەر توپ تارقىتىلماقتا، كىلونلانغان يۈرەكلەر چەكسىز كۆپىيىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئەمما، ئاچقان يەرنى تولدۇرىدىغان تۇزۇك يۈرەك يوق، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بېرىۋاتقىنى كوپىيە.

رەستىلەردە، ئاپتوبۇسلاردا كىشىلەرنىڭ قولىدا تېلېفون، ئۈندىدارلاردا يۈرەك ۋە گۈلدەستىلەر جىلۋە قىلىدۇ، كۆزلەر ئېكرانلىدا، باللار ئىمتىھاندا، مانا بۇ ئۈچۈر دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىبادىتى.

ئۈچار ئېكرانلاردىن ئېكرانلارغا ئۇلۇغ سۆزلەر، لېكىن، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۆزىنى كۆرىدىغان كۆزلەر خىرەلەشكەن. ئۇلۇغلۇق دېكابىردىكى ئاپئاق قارلاردەك ھايال ئۆتمەيلا قارىداپ كېتىدۇ.

ئانىلار بايرىمى
ئاياللار بايرىمى
ئاتىلار بايرىمى
ئاشىقلار بايرىمى...

. . .

قېنى سەن، ئەي، ئىنسانىيەت بايرىمى! ؟

قېنى سەن، ئەي، تۆۋبە بايرىمى! ؟

قېنى سەن، ئەي، شېئىرىيەت بايرىمى! ؟

ياشاش ئۈچۈن ساناقسىز ئانكىتلارنى تولدۇردۇم، ئۆزۈم بارغانسېرى پۈچەكلىشىپ كەتتىم.

مەن بارلىق بايراملارنى كىشىلەرگە بېرىۋېتىپ، يالغۇزلۇقنى ئېلىپ قالاي دەۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ يالغۇزلۇقتا، مەن ئۆزۈمگە قايتالايمەن. كىشىلەر چۈشىنەلمەيدىغان ئازابلىرىمنىڭ قات - قاتلىرىدا ئىچىمدىكى ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى سۈرۈپ، ئاشۇ ھاياتنىڭ كۆزلىرىدە تاشقى ھاياتىمنى يېتەرلىك مەسخىرە قىلىۋالسام دەيمەن.

كەل، ئەي دىلبەر، ئىككىمىز چۈشىنىكسىز قالغان تەنھالىقىمدا كۆرۈشەيلى. دەل شۇ يەردە، سەن - مەن، مەن - سەن.

تۇيۇشلىرىمنى كۈتۈپ تۇرغان ئالا بويۇن مۈشۈكۈمنىڭ يۇمران موي‌لىرىنى سىيلىسام ساختىلىقلارنى ئۇنتۇلدۇرالايدۇ.

كونا يىل تۈگەپ، يېڭى يىل كىرىش ئالدىدا ئۆلۈممگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمنى مۈشۈنداق كۈنلەردە روشەن ھېس قىلىمەن. ئۆلۈم رەت قىلغىلى بولمايدىغان سوغۇق چىنلىق.

مەندە ھېچنېمە بولغىنى يوق، ئىدىيەم يەنىلا بۇرۇنقى ئىدىيە، بەلكىم، يېڭى يىل كەلسىمۇ 14 - قەۋەتتىكى ئۆيۈمدىن لىفت ئارقىلىق چۈشىمەن. يەنىلا ئايروپىلان دېگەن ۋاقىتتا قوزغىلالمايدۇ، يەنىلا ساقالنىڭ ھۆرمىتىگە ئارتۇق غىزا يەپ قاندىكى ماي تەركىبىم ئۆرلەپ كېتىدۇ. ۋاقىتلىرىم مۇراسىملارنىڭ شۇلگەيلىرىدە غايىب بولۇپ كېتىدۇ. يەنىلا ھەممە يەردە ئۆزۈمنى ئىزاھلاپ ياشايمەن.

مۈشۈك قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، بىراز تۇرۇۋالدىم. ئېسىمگە ۋىرگىنىيە ۋولفنىڭ «ماياكقا بېرىش» دېگەن ماۋزۇسى كېلىۋالدى. ھايات مەنا ئىزدەش سەپىرى، ئاشۇ سەپەرنىڭ ئاداققى پەللىسىدە ماياك، مەنا ۋە ئۆلۈم دېگەن نەرسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن مۈشۈكلارنى

ئويلاۋاتقانىدا ۋىىرگىنىيە ۋولىف ئاپئاق چاچلىرىمنى قەلەم تۇتقان قوللىرى بىلەن سىلاپ قويۇپ، مۇنۇلارنى دېدى:

«ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقا يېقىنلاۋاتقان مەسىلە. شۇنچە يىللار ئۆتتى، ۋەھىي كۆرۈلمىدى. بەلكىم، بۇ ۋەھىي مەڭگۈ يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئورنىدا كۆرىلىۋاتقىنى كىچىككىنە مۆجىزە، كىچىككىنە رىغبەت».

بانكىنىڭ پەلەمپىيىدىن، پاي چېكى بازىرىدىن، رەھبەرلەرنىڭ تەبەسسۇمىدىن مۆجىزە كۈتۈۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بايرىمى قاچان بولىدۇ، بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

سەھەر ئويغاندىم، ماشا بىر كۈنلۈك يېڭى ھايات سوۋغا قىلىندى. مەن بۇ كۈندە زەررىڭ ئاپتاپلارنى، ئېگىز، سىرلىق ئاسماننى، ئۆزۈم سۆيگەن نەرسىلىرىم ۋە ئادەملىرىمنى كۆرەلىدىم، تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ نازۇك يوپۇرمىقىغا مەڭزىمنى تەگكۈزۈپ غىدىقلىيالىدىم.

مانا بۇ مېنىڭ بايرىمىم، مانا بۇ مېنىڭ مۆجىزەم.

مانا بۇ مېنىڭ ياشيالمىغان يەنە بىر ھاياتىمنىڭ خاتىرىسى

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

## قانداق ئاتا بولۇش كېرەك؟

قانداق ئاتا بولۇش كېرەك؟ - بۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان سوئال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىمنىڭ باشقىلارغا ئاتا بولۇش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بېرىدىغان سالاھىيىتى بولمىسا كېرەك.

مەنمۇ ئىككى بالىنىڭ دادىسى. بۇرۇن ئۆزۈمنى ياخشى ئاتا بولدۇم دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى بارغانسىرى ئۆزۈمنى ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئاتا بولۇشىرمەزگىللىك ئىش ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكەن. ئەگەر ئاتا بولۇش ئائىلە ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت، پەرزەنت ئالدىدىكى جاۋابكارلىق دەپ

قارالسا، ئاتا بولۇش سىرتقى ئامىل تەرىپىدىن كەلگەن مەجبۇرىيەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئاتا بولۇش، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ھاياتقا بولغان سەممىي مۇھەببەتنىڭ ئويغۇنىشىدىن باشلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئۆيىدىكى بىر نەچچە تەشتەك گۈلگە بولغان ئەقىدەم، باللىرىمنىڭ ئاپىسىغا بولغان كۆيۈنۈشۈم، كۆپكۆك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارغا بولغان قىزىقىشىم مېنىڭ ئىچكى دۇنيارىمدىن دېرەك بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇلار ياندىن پەرزەنتلىرىمنىڭ يېتىلىش مۇھىتىنى شەكىللەندۇرگەن بولىدۇ.

ئاتا بولۇش، ھە دېسىلا پەرزەنتلەرنىڭ كۆزىگە قاراش ئەمەس، قانداقتۇر ئائىلە ئالدىدىكى باش - ئاخىرى يوق ياخشىچاقلىق ئەمەس. ئاتا بولۇش خاراكتېر ساغلاملىقى، ئېتىقاد سەممىيىتى، مۇھەببەت ھېسسىياتى، ئەرلىك كامالىتى جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى ئىزدەش. بۇنداق بولغاندا، ئەر ئۆزىنىڭ كونكرېت پائالىيىتى ئارقىلىق جانلىق تۇرمۇش دەرىسخانىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. ئاتىلىق مۇھەببەت ئەقەللىي بىر ئىنسانى مۇھەببەت سۈپىتىدە تېخمۇ ئەمەلىي تۈس ئالىدۇ.

ساغلام بىر ئىنساننىڭ يېتىلىشىدە مۇھەببەت ئەڭ ياخشى تۈرتكە. لېكىن، بۇ مۇھەببەت قەيەردە؟ ئۇ ھەرگىزمۇ كىتابلاردىكى ئەقلىيە سۆزدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئۈچۈن سوققان يۈرەكتە.

مەنبە مىسرانىم مۇنبىرى

## ساراتوگا شەھىرى (خاتىرە)

△ئەقلىلىق سەيياھ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى كەمستمەيدۇ.

ــــ كارلو گودونى (ئىتالىيە)

△شەھەر ئىنسانلارنىڭ ئىززىتىنى، ھۆرلىكىنى ۋە غورۇرىنى نامايەن قىلىدىغان جاي.

ــــ كېۋىن لىنچ (ئامېرىكا)

ئىنسان بالىسى بۈيۈك تەبىئەتنىڭ ئالدىدا ھامان ئەرزىمەس مەخلۇق، ھاۋادىن يەرگە قارىسىڭىز شەھەرلەر يەر يۈزىدىكى تارتۇقتەك كۆرۈنىدۇ، چوڭ ئىمارەتلەر باللارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىدەك بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى كاتتا بىر مەخلۇقتەك ھېس قىلىسىز، ئەمما، سىز ئېگىزگە يۈكسەلگەنسېرى ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيا تېخىمۇ كېڭىيىپ، كائىناتنىڭ سۈرىنى ھېس قىلىسىز، قارىغاندا ئىنساننىڭ تەبىئەت ئالدىدا مەغرۇرلانغۇدەك ھېچنېمىسى يوق بولسا كېرەك. ئىنسان تەبىئەت ئالدىدا كەمتەر بولغانسېرى، ئۆز قۇدرىتىنى شۇنچە تونۇيالايدىكەن. مانا بۇ مېنىڭ ئايروپىلاندا كېتىۋېتىپ تاساددىپي ئويلىغانلىرىم، بەلكىم، بۇ ئويىنىڭ ھېچقانچە يېڭى تەرىپى يوقتۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئەمەلىي تەسىراتىم.

ئايروپىلان سانفرانسىسكو —— (San Francisco) شەھىرىنىڭ دېڭىز قولتۇقى رايونىغا پەسلىگەنسېرى، دېڭىزنىڭ مەيىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزى مەغرىپكە قىيسىيىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا ئوت ئالغاندەك، ئۇچقۇچى بىزنى پايانسىز بىر ئاتەش تەكشىلىككە باشلاپ، ۋەھىمىدىن تەجرىبە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۆزىڭىزنى قازا ۋە تەقدىرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغاندىن كېيىنكى تەشۋىشلىك دەقىقىلەردە، تەبىئەتنىڭ ھەيۋىتىنى تاماشا قىلىش كىشىنى بۆلەكچە روھى كەچۈرمىشكە ئىگە قىلاتتى. ئويلاپ باقسام، ئادەم يەر يۈزىدىن ئايرىلغاندا، تۈزۈم ۋە ئىدىئولوگىيەدىن خالىي ئوي - پىكىرلەرگە غەرق بولىدىكەن، يولۇچىلار قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ۋە مەسىلىسى ئوخشاش بولۇپ قالىدىكەن. خەۋپ - خەتەر تۇيغۇسى ۋە ھارغىنلىق ئۇلارنى يۇۋاش قىلىۋېتەتتى. ئايروپىلان ھەممىمىز ئانچە ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئايروپورتىغا قوندى، يولۇچىلار ئالمان - تالمان ھالدا ئاللىقانداق يەرلەرگە تاراپ كېتىشتى، ئىنىمىز

زۇلپىقار ئەبەيدۇللانىڭ ئاپتوموبىلى بىزنى بۈككىدە ئورمان ئارىسىدىكى يوللاردىن ئۆتكۈزۈپ، باغچە تۈسىدىكى بىر شەھەرگە ئېلىپ

كىردى. كوچىلاردا ئادەم ئاز ئىدى، ماشىنىلارمۇ شالاڭ ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، شەھەر چىراق يورۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ گىرىمسەن قۇچىقىدا بىھوشلانغان ۋاقتتا قونالغۇمىزغا يېتىپ كەلدۇق.

ئېيتىلىشىچە، بىز ساراتوگا (Saratoga) دېگەن كىچىك بىر شەھەرگە چۈشۈپتۇق، بۇ كالىفورنىيە (California) شتاتىدىكى Santa Clara ناھىيەسىدىكى ئوتتۇزمىڭچە ئاھالىسى بار ئەپچىل شەھەر بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر ئالىي تېخنىلوگىيە شىركەتلىرى جايلاشقان كىرىمنىي جىلغىسى (Silicon Valley) نىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان ئىكەن. داڭلىق بىلىم يۇرتى ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ بۇ شەھەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن.

ھەربىر شەھەر ئادەمنى يېڭىچە بىر پۇراق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسىمۇ يېقىملىق باھار كەيپىياتى ھارغىن بەدەنگە خۇشنەپەس تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى، نەمخۇش تۇپراق، قاياقلاردىندۇ كېلىۋاتقان بىلىنەر - بىلىنمەس خۇشپۇراق، ئورمان قاتلىرىدىن تىمسىقلاپ كېلىۋاتقان نىرۋاشىپا جىمجىتلىق، غۇچچىدە يۇلتۇزلىرى بېشىمىزدا كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان تىنىق ئاسمان، چىراق شولىلىرىنى ئۇستقۇددۇس تۇسىگە كىرگۈزۈپ قويغان باغرى يۇمشاق قاراڭغۇلۇق دىماقلىرىمنى مۇئەتتەر قىلدى، ئۆپكەمنى كەردى، تومۇرلىرىمنى راۋان قىلدى. ماڭا ئارام بېرىۋاتقان، «ئۆزۈڭنى قويۇۋەت» دەپ خىتاب قىلىۋاتقان، مېڭەمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئارىلاپ، كۆرۈنمەس ئالقانلىرى بىلەن سىلاۋاتقان بىر ساھىبخاننى بايقاۋاتاتتىم، ئويلاپ باقسام، ئۇ بۇزۇلمىغان، ئىنسانلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن تەبىئەت ئىكەن. كوچىلار بارغانسىرى تارىيىپ دەرەخلىكلەرگە، دۆڭلەرگە ياكى جىلغىلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. مەھەللىلەردە بىزنىڭ يۇرتلاردىكىدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئويناۋاتقان كەپسىز باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى، بەزى ئۆيلەرنىڭ دەرىزىسىدىن ئۆي ئىچىدىكى دىۋانلار، گىلەملەر، سۇنايلىنىپ ياتقان ئەرمەك ئىتلار، خىرۇستال تىزىلغان ئىشكاپلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. گويا ھەممە نەرسە ئۆزىگە قايتقان، يۇلتۇزلار كېچىگە، ئۆيلەر ئىچىگە،

ئادەملەر ئۆزگە قايتقان — بەزى دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ، يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ، بەزى دەرەخلەر ياپ - يېشىل تۇرۇپتۇ. ھەتتا چېچەكلەپ تۇرغان دەرەخلەرمۇ كۆزۈمگە چېلىقتى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تەبىئەت بىلىملىرىنىڭ جۇملىدىن، ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى بىلىملىرىمنىڭ پەقەتلا تايىنى يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. قىش بولمايدىغان بۇ ئىقلىمنىڭ دەرەخلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، كۆپلىرىنى ھازىرغا قەدەر كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بىزدە رەسمىلىك ئۆسۈملۈك قامۇسى بولمىغاچقا، ھەتتا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدىمۇ تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىلىم تۇسىدىن تەلىمات تۇسى قويۇق بولۇپ كەتكەن مائارىپتا تەربىيەلەنگەن ئادەم تەبىئەتنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ تۈزۈك تونۇماي، نامەلۇم ماكان - زاماندا كۈن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئۇ ئاخىرى ئۆزى ھەققىدىمۇ تۈزۈك تونۇشقا ئىگە بولالمايدۇ. مەكتەپتىن چىقماي تەلىم ئالغان بىر بالىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىمى ھەرگىزمۇ ساۋاتسىز ئۇۋچىنىڭ بىلىمىگە يەتمەيدۇ. مېنىڭ ساياھەت ۋە زىيارەتلىرىم ھەمىشە بىلىمسىزلىكىمنى چاندۇرۇپ قويىدىغان ئازابلىق جەريانغا ئايلىنىپ، ساياھەتنىڭ زوقى پىكىرنىڭ ئىزتىراپلىرى تۈپەيلى يوق بولىدۇ. مانا بۇ يۇرت كۆرمىگەن دۆلەتنىڭ قىسمىتى.

كەچ كىرگەنسېرى ئەتراپ جىمىپ كەتتى، شالاڭ كوچا چىراقلىرى يىگانىلەشتى. تارماق كوچىلار پەقەت تارقاق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قوندۇرۇپ قويۇلغان، يورۇقى بوسۇغىدىن ئاشمايدىغان چىراقلارنىڭ سۇس شولىسىدا سىرلىق كۆرۈنەتتى. بىز چۈشكەن مېھمانخانا ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئاددى، ئىخچام، پاكىزە ئىدى. بەزىدە ئىنسان بالىسىغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ سۆيۈنچە پاكىزەلىكمىكىن، دەپ قالىمەن. بۇنداق تۇيغۇنى مۇساپىر ئادەم ھەممىدىن بەك ھېس قىلىدۇ. پاكىزەلىك مۇساپىرنىڭ ئاۋۇنچىقى، پاكىزەلىكمۇلۇكسىز ۋە ھوقۇقسىز ئىنساننىڭ ئارامگاھى. يۇك - تاقلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، ھارغىن تەنلىرىمنى ئىسسىق سۇنىڭ ئىللىق ئالقانلىرىغا تاپشۇردۇم، ئاندىن كىيىم ئالماشتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ، ئادەمنىڭ شىللىسى قورۇلغۇدەك سالقىن ھاۋادا ئازراق ئايلاندىم.

بەزى كوچىلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن تېنىم ئەيمەنگەندەك بولۇپ، ئارقامغا يانىدىم. بايلارنىڭ مەھەللىسىنىڭ كېچىسى نېمىشقا بۇنچە قاراڭغۇ بولىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولۇۋېدىم، ئەتىسى جاۋابقا ئېرىشتىم. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەرنىڭ ساپ سەھرا ھالىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، كېچىنىڭ كېچىگە ئوخشىشى ئۈچۈن، زۆرۈرىيىتى يوق يەرگە چىراق ئورناتمىغان ئىمىش. يۇلتۇزلار گويا دەرەخ شاخلىرىغا قونىدىغاندەك ئەلپازدا، قولۇمنى سوزسالا يۇلتۇزلار مېنىڭ بولىدىغاندەك... بۇنداق ئارامبەخش، دىلكەش مەنزىرىلەر بالىلىقىمدىكى غۇۋا مەنزىرە ئىدى.

ئەجەبا، سانائەت پېشۋاسى بولغان بىر دۆلەتنىڭ شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان سەھراسىمان شەھەرلىرى بار ئىكەندە! ئۇ ھەممە سەراسىمىنى بىر تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بىرىپ، ئەلۋەك تەبىئەتنى ئۆزىگە قالدۇرغانمۇ نېمە! ؟

سەھەر قۇشلار ئاۋازىغا بۆلۈنگەن ئىدى. تاختايدىن توقۇلغان پەردىنىڭ دەستىسىنى تارتىۋېدىم، جۈپلەنگەن تاختايلار كۆندىلەڭ ھالدا پاراللېل بولدى، پەيدا بولغان يوچۇقتىن تالانى ئېنىق كۆردۈم. دەرىزە ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاسما تەشتەكنىڭ تاجىسىمان گۈلى قىزغۇچ تاۋلىنىپ، شادىمانلىق بەخش ئەتتى، ياتاقنىڭ ئالدىدىكى ھويلا تىپ - تىنچ ئىدى. مەن ھويلىغا چىقتىم، قورودىكى يوغان ئىككى تۈپ دەرەخ مەيلىمنى تارتتى، پەرىزىمدە بۇ ئەمەن دەرىخى ئىدى. غوللىرى چوڭ ھەم مەزمۇت ئىككى تۈپ ئەمەن دەرىخى ئەگىرى دوناي شاخلىرىنى ئاسمان بوشلۇقىغا مەغرۇر سوزۇپ يۈكسەلگەنىدى. بۇنداق كاداڭ دەرەخنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن قانچە يىللار كېتىدىغانلىقىنى بىلمىدىم، بەلكىم بىرەر ئەسىر كەتسە كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۈستۈمدىن بىر نەرسە چۈشكەندەك بىلىندى. قارىسام دەرەخنىڭ شېخىدا تىيىنلار ئويناۋېتىپتۇ، تىيىنلار يېقىن كېلىپ دۈپ - دۈگىلەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قوياتتى، ئازراق يېقىن بارسىڭىز ئۆزىنى دەرھال قاچۇراتتى. زىرەك تىيىنلار ئىنسانلار بىلەن ئارىلىق ساقلاشنى بىلەتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىگە كۆلۈپ باققان ئىنسانلارنىڭ يۈزىنىڭ كەينىدە قورقۇنچلۇق بىر ئېھتىماللىقنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىسا كېرەك. مەن مېھمان كۆتۈش ئۆيىگە كىردىم - دە، نۆۋەتچى مۇلازىمغا سالام بەردىم. مۇلازىم ئايال كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، «خەيرلىك ئەتىگەن» دېدى. مەن دەملەكلىك قەھۋەدىن بىر ئىستاكان ئالدىم - دە، ھويلىغا چىقىپ، تېپىنلارنى تاماشا قىلغاچ سۈمۈردۈم. قىرتاق قەھۋا مېنى تېخىمۇ تېتىكلەشتۈرۈپ، سەھەرنىڭ سالقىن ھاۋاسىنىڭ پەيزىنى ئاشۇرغاندەك بولدى. تېخى ئەتىگەن بولغاچقىمىكىن، كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مىڭ تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان جىمجىت سەھەرنىڭ قوينىدىكى ئورمان شەھەرنى ئارىلاپ كەلگۈم كەلدى. چوڭ كوچىنى بويلاپ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، سۆپ - سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان جىلغىغا يانداشقان ئەگرى - بۈگرى يولغا ئۇلاشتىم. ئاندا - ساندا ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ قالاتتى. بەلكىم مەندەك پىيادىلەر بۇنداق يوللاردا جىق ئۇچرىمىسا كېرەك، ئاپتوموبىلدىكىلەر تەئەججۈپ بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقى دۆڭ بولۇپ، ياغاچ بىلەن قاشالانغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا بىخىرامان تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا غۇچچىدە چېچەك ئاچقان مېۋىلىك دەرەخلەر، مېۋىلىرى شاخلىرىنى ئېگىۋەتكەن ئاپېلسىن ۋە لىمون دەرەخلىرى خاتىرجەم، قۇۋناق تۇرمۇشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىر تۈپ ئاپېلسىن دەرىخى شۇنداق مېۋىلىگەن ئىدىكى، گويا يوپۇرمىقىدىن مېۋىسى تولىدەك كۆرۈنەتتى. تۆۋىگە تۆكۈلۈپ كەتكەن ئاپېلسىنلار گويا ئادىمىزاتتىن خالى ئېرەمباغدىكى تەسىرات بېرەتتى. باللىقىمدىكى يۇرتۇم ئەنە شۇنداق خىرامان، تىنچ ۋە ئارامبەخش ئىدى. ئۆستەڭ بويلاپ قاتار كەتكەن ئاق ئۆۋزمە، چىقىر ئۆۋزمە ۋە قارا ئۆۋزمىلەرنى يەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. چەت ياقىلاردىكى ئېتىز ۋە باغلاردىكى توغاچ ۋە شاپتۇللار تۆۋىگە تۆكۈلۈپ قالاتتى. قاشاسىز قوغۇنلۇقلارنى ھېچكىم ساقلىمىسىمۇ بولاتتى. پىشىپ تۆكۈلەلمەي قالغان ئەش شاپتۇللار شىخىدىلا مونەك بولۇپ تۇرۇپ قالاتتى. يۇرتۇمنىڭ يەرۇ - ئاسمانلىرىتولۇك قۇشلارنىڭ جەننىتى ئىدى. تەبىئەتنىڭ ئىلھامى بەزى

چاغلاردا كونا - يېڭى تەسىراتلارنى بىر - بىرىگە ئۇلىۋېتىدىكەن. بىردەمدىن كېيىن بىر ئاق مۆشۈك پەيدا بولۇپ، ماڭا قاراپ مىياڭلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ «پىش - پىش» دېدىم. مۆشۈك ئاستا كېلىپ، قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ، پارچىقىمغا ئۆزىنى سۈركەپ يېقىنچىلىق بىلدۈردى. ئاھ، غەرەزسىز يېقىنچىلىق نېمىدېگەن گۈزەل!

شاختىكى ساپ - سېرىق ئاپلىسىنلارغا قاراپ قانچىلىك تۇرۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ئاپلىسىن ئاچكۆزلۈك، ئوغرىلىق، بۇلغىنىشتىن خالىي بىر مۆھتىنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن جاۋابى ئىدى. ئاپلىسىنلارنى ھېچكىم ئېلىۋالمىغان، ئۇنىڭغا ھېچكىم تاش ئاتمىغان، ھېچكىم ئۇنىڭ شېخىنى يىرمىغان. ئۇ گويا زامانىۋى ئادەملەرنىڭ پەردازلانغان ياۋايىلىقىدىن ئامان قالغان نازۇك تەبەسسۇم ئىدى. ئاپلىسىن مېۋىسى يىلتىزلارنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان سالىمى، ئۇ تەبىئەتنى كۆرۈشكە شەيدا كۆزلەر ئۈچۈن يېقىلغان چىراق.

مەن كەينىمگە قايتتىم، ئەمدىلىكتە ئاندا - مۇندا يۈگۈرەۋاتقانلار ئۇچراشقا باشلىدى، ئۇلار «خەيرلىك ئەتىگەن» دەپ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئىت يېتىۋالغان خانىملار ۋە بوۋايلار ئۇچرىدى، ئۇلارمۇ كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى، ياتىقىمغا قايتقۇچە، ئۇچراتقان ھەممە كىشى بىلەن سالاملاشتىم. چوڭلىرىمىز سالام بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنساندىكى ھەققى، دېيىشىدىغان. ئۇ گەپلەرنىڭ ئىجراسى بىزدە بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا. لېكىن كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئادەملەر تېخنىكا بىلەن ئىنسانىيلىقنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمىگەندەك قىلاتتى.

ئۇلار يولۇققان ئادەملەرگە كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بېرەتتى. سالام ۋە كۈلۈمسىرەش رەستىلەردە، لېفىتلاردا، پەشتاقلاردا، ئومۇمىيۈزلۈك يوسۇن ئىدى. مەن تۇساتتىن ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن قايسى ئىرقتىن بولسۇن ئادەملەره ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. يۇرتۇمدا مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرىدىغان ئون يىللىق قوشنىلىرىم بار، لېفىتنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا سالاملاشمايمىز، مەن

ئىشلەۋاتقان ئۇنۇۋېرسىتېتتا، تالاي خىزمەتداشلىرىم بار، تەتىل تۈگەپ، يىغىنغا كەلگەن كۈنىمىزۇ نۇرغۇنلىرى بىلەن سالاملاشمايمىز. دەسلەپتە سالام بېرىشكە تەمشىلىپ باقتىم، لېكىن، ئۇلارنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالىدىغان تەلەتى يوق ئىدى. ئۇلاردا سالام قىلىش ئادىتى يوق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاي دېسەم، ئازراق ئەملىي بارلارنى كۆرگەندە تېۋىنىپ تۇرۇپ سالام بېرەتتى. ئەمما، يېنىدىكى مەندەك بىر خىزمەتدىشىنى ئايرىپ قوياتتى. سالام - سەھەتتە ئىنسانلىقتىن باشقا، ئىجتىمائىي دەرىجە تۇسىنىڭ بارلىقىنى بارا - بارا ئېتىراپ قىلىشقا باشلىغان ئىدىم. كۆك زى «ئادەم بالىسى بىلگەنسېرى سىلىقلىشار»، دەپ قەيت قىلىپتىكەن. «ئۆزىنىلا بىلىپ ئۆزگىنى بىلمىگەنلەر قوپاللىشار» دېگەن سۆزنى ياداشتۇرۇپ قويىشاق كۆك ھەزرەتنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنۇۋېرسىتېت ئەسلىدە مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولالىشى كېرەك، ئىنساننىڭ ئىززەت - ئىكرامى ئىلىم بۇلاقلىرىدا سۇغۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى، ئىلىم ئىنسانلىقنى ئۇنۇتقان ئىنسانشۇناسلارنىڭ قولىدا سېسىماقتا.

ساراتوگادا بىرمۇ ئېگىز بىنا يوق ئىدى، يول بويىدا پاكار دۇكانلار، مېھمانخانىلار، پاكار ھۆكۈمەت بىنالىرى، پاكار مەكتەپ بىنالىرى. لېكىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىنساننىڭ ئورنى ئېگىز. ئاپتوموبىللار پىيادىلەرنى كۆرگەندە يىراقتىن توختاپ يول بېرىدۇ. «ياخشىمۇسىز؟»، «رەھمەت»، «كەچۈرۈڭ» دېگەن سۆزلەر قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق سۆزلەر كىشىنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا نىسبەتەن دوستانە ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشنى ئۆگەنسەك بولغۇدەك دېدىم مەن ئىچ - ئىچىمدىن. مەدەنىيەت دېگەن نېمە دېگەن سوئالغا بىر مۇنچە دوگما تەبىرلەرنى بېرىشتىن ئىلگىرى، مەدەنىيەت بىر خىل كۈلۈمسىرەشتۇر، دېگەن تەبىرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن. ئەمدى بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىتەلمىگەن مۇئەسسەسەلەرگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىشىمىز كېرەك ئىكەن.

ساراتوگانىڭ ئاپلىسىن دەرىخىدىكى ئاپلىسىنلارنىڭ كۆلكىسى قانداق

يارقىن! چۈنكى ئۇ يىلتىزىدىن كۈلەلىگەن. ئادەملەرمۇ يۈرىكىدىن كۈلەلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى يۈرىكىنى قوغداپ قېلىشى كېرەك.

2015 - يىلى 17 - مارت، ئۈرۈمچى.

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

## يوقنىڭ گېپى بولدى،ئېپى بولمىدى

ژۇرنالىست قۇربان مامۇت ئەپەندى: تەھرىراتىمىزغا جۇگوپىڭنىڭ «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ناملىق نۇتۇقىنىڭ تەرجىمىسى كەلدى. مەزكۇر ماقالە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى توغرا تەپەككۇر يۈنىلىشىگە ئىگە قىلىدىغان بىرەر پارچە ئىلاۋىنى قىستۇرۇپ بەرسەك بولاتتى، قولغا قەلەم ئالغۇدەك ۋاقتىڭىز بارمۇ، دەپ سوراپ قالدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ۋاقتىمنى ئىزدىنىش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ قۇرغاق مۇساپىسىدە ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، ئوقۇرمەنلىرىمنى سۆيۈندۈرگىدەك چوڭ نەتىجىنى روياپقا چىقىرىپ بولالمىدىم. شۇنداق ئىكەن، شېئىر تويلاملىرى ۋە ماقالىلەرگە ئىلاۋە ياكى كىرىش سۆز دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىش مەن ئۈچۈن ئېھتىيات دائىرىسىدىكى ئىش. تەرجىمە ئەسەرنىڭ سەرلەۋھىسىدىكى «نېمە كەم» دېگەن ئىبارىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى باردەك تۇيۇلدى. بىراق جۇگوپىڭنىڭ ماقالىسىگە ئىلاۋە يېزىشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ماڭا ئايان ئىدى. مەن جۇگوپىڭنى ئۇزۇندىن بېرى بىلىمەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەن ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىشى گېرمان پەيلاسوپى ف. نىچشېنىڭ بىر بۆلۈك ئەسىرىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىكى نىچشېنى بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ

مەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن قوۋى مىجەز ئادەمگە نىچشىنىڭ «ھەممىنى قايتا باھالاش» تىن ئىبارەت جۇشقۇن تەشەببۇسىنى تولىمۇ زۆرۈردەك ھېس قىلاتتىم. جۇگوپىڭ ئەپەندى نوقۇل تەرجىمانلا ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ نىچشى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلىرى بار، جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ئەقلىيە نەسىرلىرى بار. دېمەك ئۇ بۈگۈنكى جۇڭگودا روشەن تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت ئەربابى. «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» - ماۋزۇنىڭ ئۆتكۈر بىشارەت خاراكتىرى باردەك قىلاتتى. ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋردە نېمىنىڭ كەملىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش تارىختىن بۇيان زىيالىيلار ئۆتەپ كەلگەن ۋەزىپە ئىدى. زىيالىيلاردىكى سەگەكلىك مەۋجۇد رېئاللىقنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان مەنزىرىسىگە يوشۇرۇنغان خەۋپلىك كېسەللىكلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى داۋالايدىغان رېتسېپلارنى ئىزدەشتە ئىپادىلىنىدۇ. ماۋزۇدىكى «جۇڭگو» كەلىمىسى ناھايىتى چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن سۈرۈشتۈرگەندە مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە. تارىختىكى جۇڭگو بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ پەرقىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىمۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىمۇ ھەرخىل تەركىبتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ھازىرقى ئاتموسفېرادا كۇڭزى مەدەنىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى، ئىسلام مەدەنىيەت ئائىلىسى ۋە خرىستىئان مەدەنىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى بىلەن كىرىشىپ، كۆزگە ئېنىق چېلىقىدىغان دىئالوگ نۇقتىلىرى شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر بىر چەمبەرنىڭ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان ئۆزىگە خاس ئىچكى مەزمۇنلىرى ئاز ئەمەس. بۇ مەزمۇنلار ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىنىپ، ئادالەت مىزانلىرى بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلگەندە، مەدەنىيەتلەر دىئالوگى ساغلام كەيپىيات ئىچىدە ئورتاق ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەمدى جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ دىئاگنوزلىرى كۇڭزى مەدەنىيەت ئائىلىسىدىكى غوللۇق ئەزالارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئاساسىدا قويۇلغانىدى. شۇڭا «نېمە كەم» دېگەن مەسىلىنى جۇگوپىڭدىن ئىلھام

ئالغان ئاساستا، ھەر بىر ئېتنىك ھالقا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، تەرەققىيات يولى ۋە كەلگۈسىگە ئائىت ئىنتىلىشلىرى بىلەن تەدبىقلاپ، تەپەككۇر قىلىشى لازىم بولىدۇ.

بىزدە زادى نىمە كەم؟ - بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىدىغان نۇقتىمىز باشقىلار بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ھازىرقى ئەھۋالىمىز، يولۇققان مەسىلىلىرىمىز ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىزدە جىق نەرسە كەم. بۇ كەم نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى قانداق نەرسىلەرنى باشتا ھەل قىلىش، قانداق نەرسىلەرنى ئاندىن ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتىنى شەرت قىلىدىغان تەرتىپلىرى بولىدۇ. كەم نەرسىلەرنى دەپ بىرىش بىزنىڭ بۇ ئىلاۋىمىزنىڭ مەخسىتى ئەمەس. ھەم ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان جاۋابمۇ ئەمەس. ئۇ كۆپ قىرلىق رېئاللىق ۋە ساھەنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدە تۇتۇپ، پەيدىنپەي ئېرىشىدىغان جاۋاب.

بىزدە نېمە كەم؟ - بىز جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ جاۋابىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ زوقىغا يارىشا ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە پايدىلىق نۇقتىلارنى بەرسەك دىگەن ئۈمىدتىمىز.

جۇگوپىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ نۇتۇقىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدىكى بىر ئەسىرلىك ئويلىنىشلارغا قايتا سەپسېلىپ چىقىپ، بىزدە مەنىۋىلىك كەم دىگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ. ئۇ دەيدۇكى، جۇڭگولۇقلار غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي زەربىلىرىنى تېتىغاندىن كېيىن سىلكىنىپ ئويغاندى ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەربنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى، سىياسىي تۈزۈلمىسىنى، ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىجتىمائىي مۇقام قىلدى. زىيالىيلار مەيلى پەلسەپە ئۆگەنسۇن، مەيلى قانۇن تەتقىق قىلسۇن، ئەقلىي ئەمگەككە ياتىدىغان بارلىق ساھەدە پەقەت ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىنى تۇتقا قىلدى، ئۇلاردىكى مەنىۋى قىممەتنى بولسا نەزەردىن ساقىت قىلدى. «جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە مەنىۋى قىممەتكە ئورۇن يوق، ھەرقانداق مەنىۋى قىممەت - ئەركىنلىك، ئادالەت،

بىلىم، پەن، دىن، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، مۇھەببەتنىڭ ئىشلىتىش قىممىتى بولمىسا، ئۇنى قىممەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەيدۇ جۇگوپېڭ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەنىۋى قىممەت ئامىللىرىنى يېگىلى بولىشى كېرەك. يېقىلغۇ قىلغىلى ياكى كۆنلۈك قىلىپ ئىشلەتكىلى، ئايروپىلان قىلىپ ئولتۇرغىلى بولىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا، بىرەر ئىجتىمائىي مەقسەتنىڭ قورالى بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇ قىممەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە بولىدۇ. مانا بۇ جۇڭگوچە ئۇنۇمپەرەسلىكنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇپ كۆرسىتىلىشى. جۇگوپېڭنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولىشىچە، جۇڭگولۇقلاردا داۋىخورلۇق ئىللىتى كۆزگە ئاسانلا چېلىقىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاۋاتقاندا، غەربتىن دەشنام يەپ، ئۇلاردىن ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلىدى. ئۇلار بىرەر تەبىئىي ئاپەتكە ياكى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا، بىرەر مەبۇتتىن كەچۈرۈم تىلەيدىغان بوپقالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىنى سېغىنىدىغان بوپقالىدۇ. بۇ يەردىكى روھىيەتتە مۇقەددەسلىك يوق دىگۈدەك بولۇپ، ئۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىرەر كرىزىسىنى شەرت قىلىپ مەيدانغا كېلىدۇ. بىرەر بەختسىزلىك ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ قورشاۋىدا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلغاندا، ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر مەخلۇقنىڭ ياردىمىدىن قەتئىي ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچى بىلەن غايىبانە سىردىشىدىغان دىنىي ھېسسىيات جۇڭگولۇقلاردا ناھايىتى كەم دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ جۇگوپېڭ. تارىختا ئۆتكەن مەدەنىيەت ئۇستازلىرىدىن شۇنداق بىر ئورتاق سادانى ئاڭلايمىزكى، دىنىي ھېسسىيات ئىرق ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق تىل سۈپىتىدە ئوخشىمىغان قىسمەت ۋە تەبىقىدىكى ئىنسانلارنى ھېسداشلىق، چۈشىنىش رىشتىلىرى بىلەن باغلاپ، مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت خالىس نىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. 2008 - يىلى سىچۈەن ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە يولۇققان خەلقلەرگە ئوخشىمىغان ئېتىقادتىكى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ يەتكۈزگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى دەل مۇشۇ تۈيغۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

گەرچە بۇنىڭدا سىياسىيونلارنىڭ دىپلوماتىيىسىنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق، مۇشۇ دىپلوماتىيىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت مۇقەددەس ھېسسىياتنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن پۈت تىرەپ تۇرىدۇ.

«دىنىنىڭ ماھىيىتى، مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن، ئەتراپىمدىكى پايانسىز دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىم نېمە دېگەندەك سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردا ئىپادىلىنىدۇ» دەيدۇ لېف تولستوي. بىز بۇ سوئاللارغا «مەن نەدىن كەلدىم، قەيەرگە بارىمەن» دېگەنلەرنىمۇ قوشۇپ قويىشىمىز كېرەك. بۇ سوئاللار كىشىنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى سىرلىق، مېتافىزىك خىياللارغا يېتەكلەيدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدا مىللەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە باھالانغان جالالىددىن رۇمىي، لېف تولستوي، ھيۇگو، نەۋائىي كەبىي ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى دەل ئىنسان بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ مېتافىزىك تەسۋىرلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

جۇڭگوپىڭ يەنە ئۆزىنىڭ نۇتۇقىدا لياڭ چىچاۋنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىدا ئەڭ كەم نەرسە ئاممىۋى ئەخلاق بولۇپ، جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت يېتەرسىز دېگەن ھۆكۈمنى جۇڭگولۇقلارنىڭ دىن روھىنىڭ كەمچىللىكى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، ئەمەلىي قىممەتنى زىيادە تەكىتلىگۈچى ئىنگلىز پەلسەپىسىگە يېپىشقان يەن فۇ قاتارلىق مەرىپەت زىيالىيلىرىنى تەنقىدىي مەۋقەدە ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، مېتافىزىك روھقا باي گېرمان پەلسەپىسىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ تۈزۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىگە بولالمىغان ۋاڭ گوۋېينى ھەسرەت بىلەن قەيت قىلىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئىستىقبال توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىدۇ. 1984 - ، 1895 - يىللىرىدا بولۇنغان جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت ئىراقنى ئويلايدىغان كىشىلەردە بىز غەربنىڭ ھەربىي ۋە سانائەت بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي سىستېمىسى،

ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئىشنى كەڭ كۆلەملىك تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى سانلىق مەلۇمات نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئەمەلىي چۈشىنىپ باقايلى: 1910 - 1967 - يىللاردا خىرىستىئان مىسسىئونېرلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر جەمئىي 795 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدا دىنىي كىتابلار 86%، ئادىمىيەت ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلار 6% بولغان. 1861 - 1895 - يىللاردىكى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەرىكىتىدە دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت جەھەتتىكى تەرجىمىلەرنىڭ نىسبىتى ئاشقان. 1850 - 1899 - يىللاردا تەرجىمە قىلىنغان 567پارچە تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىچىدە قوللىنىشچان پەنگە دائىر كىتابلار 40%. تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلار 30%، تارىخ - جۇغراپىيە كىتابلىرى 10%، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى 8%، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت كىتابلىرى 5.3% ئەتراپىدا بولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كىتابلىرى 85%نى، ياپونىيە كىتابلىرى 15%نى ئىگىلىگەن. 1907 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ، تەرجىمانلارنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرغان. ۋاڭ گوۋېي شۇ يەردە ئىشلەپ، كانت، شوپىنخاۋېر، نىچشېلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان (Immanuel C.Y.Hsu نىڭ «زامانىۋى جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى، 1600 - 2000» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ).

يەن فۇ (严复 1854 - 1921) ئەنە شۇ زامانلاردىكى پىدائىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى. ئۇ، 14يېشىدىن باشلاپ يېڭى مائارىپ (جەدىت مائارىپ) تا تەربىيە كۆرۈپ، 1876 - يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئەنگلىيىدە دارۋىن، خېشلى، سپېنسېر قاتارلىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ، ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ، جەمئىي سەككىز پارچە كىتابنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ

تەرجىملىرى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قالغان.

يەن فۇنىڭ قارىشىچە، غەرب شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىي قىلغانكى، غەرب ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان ئەركىنلىك، باراۋەر پۇرسەت مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنداق مۆھتتا ھەركىم مەجبۇرلانغان ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يارىشىدىغان بىر خاسلىقتا ئىنسانىي چىنلىقنى جارى قىلدۇرالايدۇ. جۇڭگودا بولسا كۆڭزى - مېڭزى ئەقىدىلىرى كىشىلەرنىڭ تەپەككۈرىنى خان - پادىشاھلارنىڭ رايىغا باغلاپ بەرگەن، كىشىلەر خانلارنىڭ مەنپەئەتىگە لايىق كېلىدىغان مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئۈچۈن پىخسىلىق ۋە ئىسلاھاتنى تەرك ئېتىشكەن؛ ئۆتمۈشكە سېغىنىپ بۈگۈندىن ھەزەر ئەيلەشكەن. جۇگوپىڭ نەقىل ئالغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆز ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىنى ھەقىقەتەن چوڭشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ: «ئەڭ ياخشىسى ھەركىم ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق شەكلىنى ئۆزى قۇرۇپ چىقسۇن، بۇ، ئاشۇ خىل شەكىلنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا شەكلى بولغىنىدىن.» مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تەۋسىيە قىلىمەن. لېكىن، مەجبۇرلاپ تاڭمايمەن. بۇركۇتنىڭ قانىتى ھەرقانچە بىجىرىم بولسىمۇ، ھەسەل ھەرىسىگە ياراشمايدۇ. پاشىنىڭ قانىتىمۇ ئۆزىگە ياخشى.

جون مىل تىكلىگەن ئەركىنلىك تەلىماتىنىڭ بۈگۈنكى مىراسخورلىرى ئۆزىنىڭ تەپەككۈرىنى تىخىمۇ كەڭ ساھەلەر بويىچە ۋايىغا يەتكۈزدى. ۋەھالەنكى، يەن فۇ تەرجىمە قىلغان «ئەركىنلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنىڭ روھى جۇڭگو جەمئىيىتى ئۈچۈن تىخىمۇ يېتەرلىك بىر قېزىلما تىما.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوقۇرمەنلىرىمگە بىر سوئال قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم: 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەنە شۇ ئاقارتىش خاراكتېرلىك تەرجىمە ھەرىكىتى بىزدە بارمۇ؟ بىز ھازىرغا قەدەر چىقارغان كىتابلىرىمىزنى ھەرقايسى ساھە بويىچە ستاتىستىكىلاپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى، نېمىلەرنى قىلماي قويغانلىقىمىزنى ئەستايىدىل

مۇھاكىمە قىلىپ باقتۇقمۇ؟

خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى. تارىختىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئۇيغىنىش ئالدى بىلەن بىر مەيدان تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلانغان. جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرى ھېسابلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭىلىق تەرجىمانلىرى ئىدى. ئەنە شۇ تەرجىمە ئەسەرلەردىن تۇتاشقان پىكىر يانغىنلىرى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىچ - تېشىغا تىنىپ كەتكەن ئىللەتلىرىنى يورۇتۇپ، مەرىپەت، دېموكراتىيە، تەرەققىيات روھىدىكى نەتىجىلىك ھەرىكەتنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھاياتىي كۈچى بار جەمئىيەت تەنقىدچى كەلسە كېرەك. ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىشەنمەيدىغان جەمئىيەت ماختانچاق كەلسە كېرەك. ئىنقىلابچى دېگەن گەپنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ئۆتكۈر تەنقىدچى دېگەنلىكتۇر.

سۈن جۇڭشەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق بىر باياننى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ: «مەن بىر قېتىم بىر پاراخوت كاپىتانى بىلەن گەپلىشىپ قالدىم. ئۇ دېدىكى، جۇڭگولۇق بىر ئەلچى جاناب مېنىڭ مۇشۇ پاراخوتۇمدا ماڭغانىدى. ئۇ خالىغان يەرگە تۈكۈرۈپ قىممەتلىك گىلەممىنىمۇ بۇلغىۋەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى، دەپ سورىدىم. ئۇ: نېمە ئامال، مەن يېپەك ياغلىقىم بىلەن گىلەمنى تازىلىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئۇ ئەلچى جاناب خىيالىغا كەلمىگەندەك قاراپ تۇردى. ئەلچى تۇرۇپ شۇنداق قىلغان يەردە، ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. («جۇڭگونىڭ مىللىتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ).

سۈن جۇڭشەن مەنچىڭ ئىستىبلاسى تۈپەيلى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى ئۇخلاپ قېلىپ، ئۆزىمىز ئەينى يىللاردا كەشىپ قىلغان كومپاستىن تۈزۈك پايدىلانمىدۇق. ئەكسىچە، غەربلىكلەر كومپاستىن پايدىلىنىپ جاھاننى قولغا ئالدى، دەيدۇ. سۈن جۇڭشەن بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى زەئىپلىكنىڭ سەۋەبىنى

مۇستەملىكە بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لۇشۈنمۇ ئۆز قېرىندىشىنىڭ پاجىئەسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن ۋە قەلىمىنىڭ تىغ ئۇچىنى مىللىيەتتىكى زەئىپلىككە قاراتقانىدى. خۇشى، چېن دۇشيۇلارمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەنقىد بەرباچىلىرى ئىدى.

جۇڭگو مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى مىللىيەتنىڭ نېگىزى بولغان كۆۋزى ئەقىدىسى ھەققىدىكى تەنقىدي ئويلىنىشلىرى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. خې شىن ئەپەندى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سەرخىللارنى شاللاپ تاشلايدىغان مېخانىزمىنى تەنقىدلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە كۆۋزىنى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسكارى. ھازىر بۇنداق مەسىلەك خېلى كۆپىيىپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردا جياڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» دىگەن رومانى چىقىپ، تەنقىد ۋە ئالقىش غەۋغالىرى ئىچىدە ئىنتايىن بازار تاپتى. Pankaj Mishra دىگەن بىر ئاپتور «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى» دە 2008 - يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە، بۇ كىتابنى لۇشۈن تەكىتلىگەن «مىللەت خاراكتېرىنى ئىسلاھ قىلىش» نىڭ رومانلاشتۇرۇلۇشى دەپ باھالىدى. بىراق، رومانىنىڭ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، زامانىۋىلىققا سەل قارايدىغان خاھىشىنى سۆككەنلەر مەملىكەت ئىچىدە كۆپ بولدى. چۈشىنىشىمىزچە، جياڭ رۇڭ مۇنداق دىمەكچى: «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى، لېكىن، يەنىلا ئاساسىنىڭ ئاساسى ئەمەس. قەيسىرانە ئىلگىرلەيدىغان مىللەت خاراكتېرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن مىللەتنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان ئىككى قاناتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ ( «بۆرە توتېمى» غا قاراڭ) . جۇڭگو تارىخىدا بۆرە توتېمغا ئىشىنىدىغان تۈرك، مۇڭغۇل خەلقلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن شۆھرەتلىك سەھىپىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، بۆرىگە خاس جاسارىتى بىلەن تارىختا سەددىچىنىنىڭ

ئۆچكىرىسىدىكى تېرىقچىلىق خەلقلىرىنى ئىستىپلا قىلغان. بۇنداق بۆرە روھى كېيىنكى غەربلىكلەرنىڭ روھىدا مۇجەسسەم بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ خىل روھنى جەۋلان قىلدۇرۇپ جاھانغا كېڭەيگەن. دېمەك، بۆرە روھى دېگەنلىك ياۋاشلىقنى نومۇس بىلىدىغان ئىسيانكار روھ. دېمەك، جىياڭ رۇڭ دەۋاتقان روھ بىلەن جۇگوپىڭ دەۋاتقان روھ يەنىلا جۇڭگولۇقلارغا نۆۋەتتە جىددىي كېرەك دەپ قارالغان روھ بولۇپ، ئوخشاش يولنىڭ ئىككى ئادەمچە مېڭىلىشىدۇر، خالاس.

يىتىشسىزلىك بىر خىل ئېھتىياجنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ، ئىنساندىكى ئەقلىي، مەنىۋى، جىسمانىي پائالىيەتلەرگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى سەۋىيىسى يۈكسەلگەنسېرى يىتىشسىزلىك ھەققىدىكى بايقاشلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول بولىدۇ. ياشاش ئۆلچىمىدىكى بىر ھايۋانىي ئادەم بىلەن قەھرىماننىڭ پەرقى دەل «ماڭا نېمە كېرەك، بۇگۇن نېمە كېرەك، كەلگۈسىدە نېمە كېرەك؟» دېگەن سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىنىڭ پەرقىدە كۆرۈلىدۇ. ئىت ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئىگىسىدىن ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىگىسىنىڭ رايى بىلەن چەكلىنىدۇ. بۆرە ئۆزى تېپىپ يەيدۇ. شۇڭا، ھوشيارلىق بىلەن قەيسەرلىك ئۇنىڭ خاراكتېرى. ئىنسانلار ئائىلىسىدىمۇ كىرىزىسنى بۇرۇن بايقىغانلار كېيىن بايقىغانلارغا ئۈلگە بوپكەلدى. غەربلىكلەر ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئەقلىي ئىختىرالارنىڭ كۈچى بىلەن يىراق يەرلەردىن ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەرشارىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. بىر خەنزۇ ئاپتورنىڭ مۇنداق بىر يازمىسىنى ئىنتېرنېتتىن كۆرگەنىدىم: «ئىنگلىزلار دېڭىز ئاتلاپ بېرىپ ئامېرىكا بىلەن كانادانى قولغا ئالدى. ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيەلەرنىمۇ ئالدى. مانا بۇگۇن ئۇلار تەلتۆكۈس ئىنگلىز دۇنياسى بوپكەتتى. ئىنگلىز تىلىمۇ دۇنياۋى ئالاقە تىلى بوپكەتتى. ئەگەر بۇ دېڭىز يولىنى مۇسۇلمانلار ئاچقان بولسا، بۇگۇن بىزنىڭ باللىرىمىز مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن بولاتتى.» ئېھتىياج ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى كەڭ دائىرىدە چۈشەنگەنسېرى شۇنچە ئاقلانە يول بىلەن پارلاق كېلەچەكنى ئاپىرىدە

قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ھېچ يەرنى كۆرۈپ باقمىغانلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى تەبئىي ھالدا يېگىلەپ قالىدۇ.

مۇساپايۇفلار، مۇھەدىيلارمۇ تاشقى دۇنيانى چۈشەنمىگەن بولسا ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە ماھىيەتلىك تونۇشقا ئىگە بولالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئەجدادلار تاشقى دۇنيانى بالدۇرراق كۆرسە، ئىلىدا قۇرۇلغان زاۋۇتلار قەشقەر، خوتەن، كورلا، قۇمۇللاردا بۇرۇنراق قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى بىر تۈركۈم ئىشچىلار تەبىقىسى شەكىللەنگەن بولسا، دىيارىمىزنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولار ئىدى! ؟

ئۇيىلىنىش مۇئەممالىرى ساناقسىز، لېكىن زىيالىي كۆچىمىز بەك ئاز، زىيالىيلارنى بايقاش ۋە قوللاش دىتىمىز يوق ھېسابتا.

جۇگوپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر نۆۋەتتىكى رىقابەتلىك دۇنياغا يېتىشەلەيدىغان مىللىي خاراكتېر ھەققىدىكى كىرىزىسلىك پىكىرلەرنىڭ پەقەتلا بىرىدۇر. ھازىر خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا بۇنداق مۇنازىرە تېپىدىكى ماقالە - ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ.

ئەمما، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۈگۈنكىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى يەن فۇ، ۋاڭ گوۋېي دەۋرىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ تېپىغا باققاندا، ئۇزۇل - كېسىل ئەمەس بولۇپ، دېگەندەك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ باقمىدى. يەر شارىلىشىش بىلەن مىللىيەت تەقەززالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۈگۈنكى جۇڭگو زىيالىيلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ.

جۇگوپىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىغا بۇ ئىلاۋىنى يېزىۋاتقىنىمدا، بەزىبىر ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ تۇرىۋالدى. بۇمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسىگە خۇرۇج بوپ قالار: تەۋەيىمىزدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، يىراقلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ. ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئەتىگەن - ئاخشاملاردا ماشىنا بىلەن توشۇيدۇ. ئۇلار چۈشتە ئائىلىلىرىگە قايتالمىغاچقا، قوشنىلىرىمىز ئائىلە تاماقى مۇلازىمىتى بىلەن ئۇلارنى جەلپ قىلدى. بۇ مۇلازىمەت بىر مەزگىل قاتتىق بازار تاپتى. ئۇلار چوڭ ۋاقىتلىرىدا لىفتلارغا پاتماي قالاتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى قىستىشىپ لىفتلارغا چىققاندا، ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىپ

لىفتىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان چوڭلارنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ قويمايتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭلار قولاق - مېڭىنى يەيتتى. كارىدور ۋە زاللار ئۇلار تاشلىغان يېمەكلىك شۆپۈكلىرى بىلەن بۇلغىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئاھالىلەردىن پىكىر چىقتى. رەھبەرلىك قارار چىقىرىپ، ئائىلە تامىقى مۇلازىمىتىنىڭ قانۇنسىز مۇلازىمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى دەرھال توختىتىش لازىملىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل مۇلازىمەتنى ئاچقانلارنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. قارارنىڭ كۈچى بىلەن ھېلىقى كەپسىز بالىلار ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇنلىرى ئۇلارنى كۆرىدىغان بوپ قالدۇق. ئۇقساق، ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىدىن ئائىلە تەكرارى قوبۇل قىلارمىش. ئوقۇتقۇچىلار مائارىپچى بولۇش بىلەن بىرگە تىجارەتچىمۇ بوپكەتكەندى. بالىلار ناھايىتى شەخسىيەتچى بولۇپ، ئاممىۋى تەرتىپنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. ئۇلار پەقەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر ھاي دېسە ئۇنۇم بەرمەيتتى. مانا بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ ئاۋانگارت مەكتەپلىرىدىكى ئادىمىيەت روھىنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشىدۇر. ئەمەلىيەتتە مەكتەپلەردە قانۇن، تەرتىپ، نىزاملار سۆزلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردا دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنىڭ روھى مۇجەسسەم. لېكىن، بۇ روھ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس كىشىلىك خاراكتېرىدىن راۋۇرۇس ئورۇن ئالمىغان. دۆلەت بېكىتكەن بەلگىلىمىلەرگە ئەستايىدىل قارىماسلىقتەك بۇنداق ھادىسە دەل جۇڭگولۇقلارنىڭ گراژدانلىق ئېڭىنىڭ تېخىچە ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. يەنە بىر ئىشمۇ مەزكۇر تېمىمىزغا باپ كېلىدۇ: ئامېرىكىلىق بىر قىز ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى سۈپىتىدە دىيارىمىزدىكى بىر مەكتەپتە بىر مەزگىل تۇرغانىكەن. قىز مەكتەپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن مېھمان سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپتۇ. رەھبەرلىك ئۇ قىزنىڭ پاسپورتى بىلەن ئىمپورت پىكاپ سېتىۋالسا ئەرزان بولىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، «سىزنىڭ نامىڭىزدا بىر پىكاپ سېتىۋالغىمىز بار ئىدى، سىزگە كېرەك بولغاندا سىز ئىشلىتىڭ، قالغان ۋاقىتلاردا بىز ئىشلەتسەك قانداق دەيسىز» دېگەنىكەن، ئۇ قىز «يالغانچىلىق قىلساق پەرۋەردىگار

كەچۈرەمدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. رەھبەر نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئەگەر بىز بۇ قىزنى بىر خرىستىيان مۇخلىسى دېسەك، يۇقارقى جاۋاب ئۇ قىزنىڭ ئەقىدىسىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئەگەر بىز بۇ قىزنى ئامېرىكا پۇقراسى دېسەك، ئۇ قىز ئۆز دۆلىتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولغان بولىدۇ. شۇ قىز ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايە قىزنىڭ ئەخلاقىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ دەپ قارايمەن: تۆت - بەش يىگىت دەرۋازا ئالدىدا گەپلىشىپ تۇرىۋاتقاندا، يەنە شۇ قىز ئاچچىقسۇ ئېلىنغان شىشىنى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ، لېكىن، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، شىشە سۇنۇپتۇ. ئاچچىقسۇ تۆكۈلۈپتۇ. قىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئەتراپتىكىلەرگە «Sorry! - كەچۈرۈڭلار» دەپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇن مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ قىز سۈپۈرگە ۋە ئەخلەت ئالغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولدىكى شىشە سۇنۇقلىرىنى پاكىز تازىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى تۆت - بەش يىگىتمۇ بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپتۇ.

خۇددى ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئەڭ ئۇششاق دېتاللاردا تېپىكلەشكەندەك، بىر مىللەتنىڭ خاراكتېر ساپاسىمۇ تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي كىچىك ھادىسىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئوچۇم ئادەم بىر مىللەتكە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ھالىتىدىن بەلگىلىك بېشارەتلەرنى بېرەلەيدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل خاراكتېر بايلىقىنى گۆھەردەك ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر تۈركۈمى ھامان بولىدۇ. مەسىلە، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك نەزەرگە ئېلىنغانلىقىدا.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ كارل ياسپېرس 1960 - يىللاردا ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىنى تەنقىتلەپ: ئالىي مەكتەپلەر پەقەتلا پەن ئۆگىتىدۇ. ئېتىقاد، پەندىن ھالقىغان مەنىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئورنى يوقاپ كەتتى، دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، غەرب ئۆزىنىڭ مەنىۋىيەت ساھەلىرىنى تەنقىد ئۇۋىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ماڭغان. تەنقىدىي روھ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر گېنىغا ئايلانغان.

داڭلىق دىنشۇناس Hang Kung جۇڭگودىكى دىنلار ھەققىدە توختالغاندا، شىر ئۇسسۇلى خەن دەۋرىدىن باشلاپ پەيدا بولغان بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە ئۇنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى شىرلار بۇگۈنكى ئىران ۋە ئافغانىستان رايونىدىكى خانلار تەرىپىدىن تارتۇقلانغان دەيدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن xi（夕）دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق خەلققە ئاپەت سالغاندا، شىر（狮）ئۇنى ھەيدىۋەتكەنىكەن. بۇ مەخلۇق كېيىن پەيدا بولغاندا، شىر خانلارنىڭ بوسۇغىسىنى قوغداش بىلەن بوپكېتىپ، باشقىلارغا چولىسى تەگمەيتتۇ. پۇقرالارمۇ ئاخىرى ئامال تېپىپتۇ. بۇلار بامبۇك ۋە لاتا - پۇرۇچلاردىن شىر ياساپ، ھېلىقى مەخلۇقنى قوغلاپتۇ.

ئەسلىدىكى شىرلارنىڭ سۈر ھەيۋىسى ئەمدى كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ناۋادا يېزىقچىلىقمۇ پەقەت مۆتىۋەرلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ گېپىنى قىلمىسا، ئۇمۇ يېزىق ئويۇنىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش. قەلەم بىلەن مەدىكارلىق قىلىشمۇ ئەنە شۇ يېزىق ئويۇنىنىڭ بىر تىمسالى بولۇپ، بۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلارمۇ جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ تەنقىد دائىرىسىدىن نېرى بولمىسا كېرەك.

2009 - يىل 5 - مارت شەھىرى ئۈرۈمچى

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2009 - يىل 2 - سان

## مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

*كىشىلەر توڭلاتقۇ، ماشىنا ۋە ئۆي دەپ چېپىپ يۈرىدۇ، مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى. لېكىن، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار بۇنداق ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى غايە ۋە ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىچكى ئەركىنلىك ۋە ئەمىنلىككە*

ئېرىشىدۇ.

- ئېيتىشتىيىن

*بىر قانچە مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن ياش ئەۋلادلارغا نىشانسىز ۋە مەقسەتسىز ئوقۇشنىڭ خەتىرى توغرىسىدا سۆزلىگەنىدىم. سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ئاساسىي روھىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە تەقدىم قىلاي دېدىم.*

- ئاپتور

دەرستىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام، بىر قىز ماڭا سالام قىلىپ قالدى، مەنمۇ سالىمنى ئىلىك ئالدىم. ئۇ قىز مەن ئىشلىگەن شۇ مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. قىزنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ بىر قىسىم يازمىلىرىم بىلەن ئوبدان تونۇش ئىكەن، شۇڭا ئازراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. پاراڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ قىز مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ماگىستىرلىقىنى تاماملىغانىكەن. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىل تەلەپلىرىگە لايىق بولۇش بىلەن بىرگە، نەتىجىسىمۇ خېلى ياخشى ئىكەن. تۈركچىنىمۇ يامان ئەمەس چۈشىنىدىكەن. بىر يىلدىن بېرى تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتۈپ كېتىپتۇ. خىزمىتى تەلەپلەرگە لايىق بولغاچقا، ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ داۋاملىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكۈسى بار ئىكەن. قىز بۇ ئورۇننىڭ مۇقىم ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، ئىشتات يوق دېگەن جاۋابنى ئاپتۇ. دېمەك، قىزنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياج بار ئىكەن، ئۆزىگە ئېھتىياج يوق ئىكەن. مەن ئۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى، قىز خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىكەن، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپتۇ، يەنە داۋاملىق ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن. جان بېقىپلا توختاپ قالماي، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدىكەن. قىز خىزمەت ئىزدەپ جىق ئورۇنغا قاتراپ بېقىپتۇ، نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپتۇ. قىز سۆھبەت داۋامىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. مەن جىم تۇردۇم. قىزلار ئادەتتە روھىي گادىرماچلارنى يىغلاپ تۈرۈپ ئېرىغدايدۇ.

لېكىن، ئويلاندىم، قىزنىڭ گەپ-سۆزىدە بىر نەرسە ئۆگەنگەن ئادەمگە خاس سالاھىيەت بار، پاراسەت بار، ھاياتىي كۈچ بار، مېنىڭ خىزمەت مۇھىتىمدىكى، ياكى مەن ئۇچراتقان باشقا خىزمەت مۇھىتىدىكى كىشىلەر بىلەن باراۋەر ساپا بار، بەزى تەرەپلەردە ئۇلاردىن ئۈستۈن. جەمئىيەتتە ئۇنچىلىك ئوقۇغان ئادەملەرمۇ ئاز، لېكىن، ئۇنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىدىغان خېرىدار يوق. قىز خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان تەلەپلەرگە يولۇقۇپتۇ، بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىپتۇ.

- ھېچقىسى يوق، - دېدىم ئۇ قىزغا، - ئېزىتقۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يەم بوپكەتمىسىڭىزلا ھېچقىسى يوق. بىر قىزنىڭ كۈچى يەنىلا ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرى ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەللىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتىدە بولىدۇ. ئۆزىڭىز ساغلام ئىكەنسىز، ئايال ۋە ئانا بولغۇدەك سالاھىيەت سىزدە بار ئىكەن. سىزگە ئەر ۋە پەرزەنتلىرىڭىزگە ئاتا بولالىغۇدەك ئادەم ھامان تېپىلىدۇ. بىر قىز ئۈچۈن بۇ بەك مۇھىم.

- مەن ئالىبۇرۇن ئۇ خىل ئائىلىنىڭ ئىگىسى، - دېدى قىز، - رولۇمنى ئائىلىدە ھەم جەمئىيەتتە تەڭ ئۆتىسەم دەيمەن.

- ئەسلىدە، بىر ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئورۇنىدالغان ئەھۋال ئاستىدا كاتتا خىزمەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلەشنى ئويلاپسىز، غەيرەتلىك ئىكەنسىز.

بۇ، جەمئىيەتتە مەن يولۇقتۇرغان نۇرغۇن مەسىلىنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە. مەسىلىلەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، تىپىمۇ كۆپ. ئوقۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈرىدىگەن نۇرغۇن توقۇناقلا نىسبەتەن يۇقىرىقى ئەمەلىيەت نورمال بىر مەسىلا بولالايدۇ.

بىر ھېسابتا قىزنىڭ چوقۇم ئىز ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھامىيلىق قىلالايدىغان بىر تىرەكنى شەرت قىلىدۇ. يەنە بىر ھېسابتا قىزنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىدىغان بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇشى كېرەككى، بۇ قۇرۇلمىدا مەلۇم بىر ھوقۇق گۇرۇھى مونوپوللۇقىنىڭ ئورنىنى قانۇن ۋە پۇرسەت

ئالدىدا باراۋەرلىك ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

«سۇمۇرغ ئازنىسى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى بىر ساندىن كۆرۈشىمچە، 2003 - يىلى 24 - ئۆكتەبىردە ۋېن جياباۋ زۇڭلى چۇڭچىڭدىكى سەنشىيا سۇ ئامبىرى كۆچمەنلەر رايونىغا زىيارەت قىلىپ بېرىپتۇ. بىر ئايال كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي: «زۇڭلى، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى» دەپ توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئېرى سىرتتا ئىشلەپ، 2000 يۈەن ئەتراپىدىكى ئىش ھەققىنى ئالالماي، بىر يىل ئۈچ ئاي مابەينىدە دەۋا قىلىپ ئاقتۇرالماي كەلگەنىكەن. نەتىجىدە، ئىش ھەققى شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئايالنىڭ قولىغا تېگىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بىر توپ دېھقان ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ، ئالالمىغان پۇلىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال: «مەندە ئۇنداق كۈچ يوق، پۇلۇمنى زۇڭلى ئېلىپ بەردى» دەپتۇ. بىر دېھقاننىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق قاتراپ سورالمىغان دەۋاسى، زۇڭلىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ھەل بولغان. مانا بۇ خاتا ھالدا يامراپ كەتكەن قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ھوقۇقنىڭ رولى. زۇڭلى ۋېن جياباۋ تەكىتلىگەن «قەدىر - قىممەت» قانداق بولغاندا تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ بۇ يەنىلا جۇڭگودىكى كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ساداسى.

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش بىزنىڭ ھازىرقى تېمىمىز ئەمەس، لېكىن، ئادەمدىكى قەدىر - قىممەت مەسىلىسى بىرلا قانۇن ساھەسىگە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ساھەسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەمما قەدىر - قىممەت تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىدە بولۇشى، شەخستە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى قوغدايدىغان ئاڭ بولۇشى، قەدىر - قىممەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى قوغدايدىغان قانۇني يوللار ھەر ۋاقىت ئوچۇق بولۇشى، ئايرىم ھوقۇق سەرخىللىرىنىڭ كونتروللىدىن قۇتۇلغان بولۇشى كېرەك. قانۇن بەرگەن قەدىر - قىممەت ھەر بىر شەخسنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى دەرىجىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلماي، قانداقتۇر مەلۇم كىشىلەرنىڭ «دىيانىتى» گە بېقىندۇرۇپ قويۇلسا، جەمئىيەت قەدىر -

قىممەت ۋە قابىلىيەتنىڭ دەپنىگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي مەنزىرىگە تەبىئىي بىر كۆنۈكۈش بىلەن قاراپ تۇرۇشى نەدىن كەلگەن؟ ئەلۋەتتە، مەدەنىيەتتىن كەلگەن دېمەي تۇرالمايمىز.

ئادەتتە، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە ھەممىمىز ئوخشاش پاتىپاراق بوپكېتىمىز، مەن ئىمتىھان نەتىجىسى تېخى ئېنىق بولمىغان بىر تۇركۇم بالىنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش مەسلىھەتچىسى بوپقالىمەن. يۇرتداشلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، تونۇشلار، دوست - بۇرادەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىدۇ، تەكرار داستىخانلار زورمۇ - زور سېلىنىدۇ. پىرىنسىپ پىرىنسىپ بولمىغاچقا، ئارزۇسى ياكى نەتىجىسى ئۇدۇل كەلمىگەن پەرزەنتلەرنىڭ يۈز خاتىرە، ئادەمگەرچىلىك، مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشىنىڭ قىغىر يوللىرى ھاۋالە قىلىنىدۇ. جاۋابەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

- ئۇنى - بۇنى يېزىپ، جامائەتكە يۈزلەندۈرۈپ تۇرغاچقا، بەزىلەر مېنى ئاز - تولا ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن مەن ئەمەلىي ھوقۇقنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بەك بولسا بىر قېتىملىق داستىخانغا ئەرزىيمەن. مەن نان قايغۇسىدىكى ئادەملەرگە گەپ بېرەلەيمەن، نەپ بېرەلمەيمەن. ئىشخانلاردىكى ئورۇندۇق ساھىبلىرىغا ھېچقانداق ئەمەلىي پايدا بەرگىنىم يوق. شۇڭا، كىشىلەر گەپ بىلەن يۈزۈمنى قىلىدۇ. مېنىڭ يۈزۈم بىرەر ئادەمنى بىرەر ئورۇنغا تىقىشقا يەتمەيدۇ. سىلەرگە قىلىپ بەرگۈدەك بۇغداي سۆزۈم بار، لېكىن بۇغداي نېنىم يوق. شۇڭا مەندىن قورسىقىڭلار تويمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا بوسۇغىلاردا قاتراپ يۈرۈشى، بۇ يەردىكى پۇقرالىقنىڭ تۈزۈك تەربىيە ئاساسى ۋە تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپ ياكى قائىدە - تۈزۈمدىن چەتنىگەن غەيرىي يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى، يۈز ۋە ئادەمگەرچىلىكنى دەستەك قىلىشنى يوللۇق بىلىشتەك غەيرىي قانۇنىي

ئىجتىمائىي سىستېمىنى ئەسلىتىپ قويدى.

مائاشلىق بولۇش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ خاتىرجەم، بىخەتەر يولى بوپكەلدى. بۇ يەنىلا ئۇزۇن داۋام قىلىپ كەلگەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. پۈتكۈل ئەقىدىسى، زېھنى، جىسمانىي كۈچى، ۋاقتى، ئادىمىيلىك مىزانى قاتارلىقلارنى مائاشقا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئادەملەرنىڭ بايلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بولمىسىمۇ ماددىي مۇنقەرزلىكنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش سىزىقىغا دەسسىمەي كېلىشى، ئۇلارنى مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بىخەتەر پايدىلانغان تەلەيلىكلەر قاتارىدا كۆرسەتتى. ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىلىك تىكلەش، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۆلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تەشەببۇسلىرى دائىم ياڭراپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ مائاش دەپتىرىدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئەڭ قىينالماي ياشاش ئۇسۇلى دەپ قاراشتى. ئىمتىھان ئەنە شۇ «ئىمتىياز»غا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى بوپقالدى.

بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە باغلىق بوپقالدى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيىدىكى نەتىجىسى قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى بىلەن ئۆلچەندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ مەسئۇللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانىدىكى كۆپلۈككە بولغان مەسئۇلىيەت بولۇپ، گويا توخۇ فېرمىسىنىڭ خوجايىنى چۈجىلەرنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۆپ ئەي قىلسا جىق نەپكە ئېرىشكەندەك بىر ھالەتنى يادىمىزغا سالىدۇ. مائارىپ ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، نان ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە باللىرىغا ئىمكانىقەدەر يۇمشاق نان يەيدىغان پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ بېرىش، ھېچبولمىغاندا، قاتتىق - قۇرۇق ناننى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقىدىن باشقا بەرسە ئەمەس بوپقالدى. باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىپ، ئەنە شۇ ئىرادىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ «ياخشى» بولۇشتىن ئىبارەت بوپقالدى. مانا بۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا

سۈيىئىستېمالچىلىق (پايدىلىنىش ۋە نەپ ئېلىش) مائارىپى بولۇپ، سۈيىئىستېمالچىلىقنىڭ ئىنتايىن چاكىنا بىر تۈرى ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالىيجاناب مەقسەت يوق، تۈزۈك غايىۋى مەزمۇن يوق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت يوق، پەقەت جان بېقىشقا بولغان ئەسەبىي يېپىشقاقلىق روھىي ھالىتى بار. بەزىلەر بۇ مائارىپنى «ئىمتىھان مائارىپى» دېدى. بۇ قەدەر سىياپە تۈسىگە ئىگە سۆيەت بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، خېلى كۆپ ساندىكى ئاۋام ئۈچۈن جان بېقىش مائارىپى بوپقالغان. بەزىلەرنىڭ «جان بېقىش ياخشى»، «جان بېقىش سۆيەت»، «جان بېقىش مۇۋەپپەقىيەت»، «جان بېقىش مەسئۇلىيەت» دېيىشى، كونكرېت شارائىتتىكى تەخىرسىزلىك ۋە رېئاللىقنى چىقىش قىلغان. بىر قارىسا ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىنى چاكىنلاشتۇرۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بىر قارىسا ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىدىكى يەرلىك ئەمەلىيلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، جان بېقىش ئالىيجاناب تۆھپە يارىتىشتىن مۇھىم. جان بېقىش تەقەززاسىدىن ھالقىغاندىلا نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشنى ئويلىغىلى بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر سەردانە ئوقۇغۇچى (一流学生) نېمە بىلەن ئۆلچەنەندى؟ ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچى سەردانە ئوقۇغۇچى بولۇپ ھېسابلاندى. بۇلار مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىشتىكى كوزىرى بولدى، ئۇلار ھەر خىل ئېتىبار ۋە بەھىرىمەنلىككە ئېرىشتى، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىندى. كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن سەردانە ئوقۇغۇچىنى نوقۇل پەن ۋە ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن ئۆلچەپ قويماسلىقنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەشەببۇسقا ئەمەل قىلىنمىدى.

«ئامېرىكىدىكى ساپا مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئويۇن مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى تىرىكچىلىك مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» دېگەندەك كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، مائارىپشۇناس خۇاڭ چۈەنيۈ (黄全愈) ئەپەندى خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئەلىيۇلئەلالارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تاللىماي

قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەليۇلئەلالارنىڭ چوقۇم سۆيەتلىك ئوقۇغۇچى بوپكېتىشى ناتايىن ئىكەن. خۇۋاڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە سەردانە ئوقۇغۇچىلار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ سەردانە ئوقۇغۇچى بوپكېتىشى ناتايىن.

خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باشقا، بىر قانچە نۇقتا بويىچە ئېلىپ بارىدىكەن:

بىرى، مەركىزىر ئوقۇغۇچىنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالى قاتارلىقلار.

يەنە بىرى، دەرستىن سىرتقى ئەھۋال. بۇنىڭ دائىرىسى:

1. ئىلمىي پائالىيەت: ئىلمىي ۋەكىللەر ئەترىتى، ماتېماتىكا ئەترىتى، مۇنازىرە ئەترىتى، ھەر خىل ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئەترىتى، تەتقىقات ئەترىتى، ماقالە يېزىش كۇرژۇكى، ئىختىرا كۇرژۇكى... قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقانمۇ - يوق؟

بۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش قۇرتلىرى ئايرىپ چىقىلىدىكەن. دەرس بىلەنلا بولۇپ، قالغان ئىشلار بىلەن كارى يوقلار «كىچىك قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. دەرس بىلەن كارى بولماي، ھە دېسىلا پائالىيەت بىلەن بوپكەتكەنلەر «چوڭ قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. ھەر ئىككى «قۇرت» تاللىنىش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلىدىكەن.

2. دەرستىن سىرتقى پائالىيەت: بۇنىڭدا ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدىكەن؛ بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپلار ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنىدىكەن.

3. ئىجتىمائىي پائالىيەت: ئەدەبىيات - سەنئەت، ساخاۋەت، پىدائىيلىق كەبىي ھەر خىل پائالىيەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسىمۇ - ئەمەسمۇ؟

4. ئىشلەش تەجرىبىسى: جەمئىيەتتە بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل تاپالاپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم خىراجىتىنى قامدىيالىغانمۇ - يوق؟ بۇ يەردىكى ئىش ھەقسىز بولغان بولسا نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن.

خارۋاردنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا كۆزىتىش جەدۋەللىرىمۇ بار بولۇپ،

ئوقۇغۇچىنى ئۇنىۋېرسال نۇقتىدىن ئوبيېكتىپ ئىگىلەشكە، ھەقىقىي ياخشى ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن. ھاللىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچى بىلەن نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى باراۋەر كېپقالغان شەرت ئاستىدا، نامرات ئائىلىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن تاللىنىدىكەن. چۈنكى، نامرات شارائىتتا تۇرۇپ ياخشى نەتىجە قازانغان بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار تېخىمۇ زور بولىدىكەن.

زادى ئىمتىھان بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا مۇتلەق دىئاگنوز قويالامدۇ؟ ئىمتىھان سوئالىنى چىقارغانلارنىڭ پاراسەت ئۆلچىمى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلسا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولامدۇ؟ ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى ئادەم تەربىيىلەشمۇ ياكى ئادەم شاللاشمۇ؟ خۇاڭ چۈەنيۈ ئەپەندى جۇڭگودىكى ئىمتىھانلار بىلەن ئامېرىكىدىكى ئىمتىھانلارنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭگو مەكتەپلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشىدىكى مەقسىتى مەسىلە بايقاپ ئادەم شاللاش، ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى مەسىلە بايقاپ، مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىش». («ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003) خۇاڭ ئەپەندى جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىمتىھانلارنى مۇنداق بىر ھېكايە ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتلەيدۇ:

پادىشاھ ئوردىغا ساھىبجامال تاللىماقچى بوپتۇ. بىر ئائىلىنىڭ بەش قىزى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئوردىغا تاللىنىپ كىرگۈسى بار ئىكەن. لېكىن بىر ئائىلىدىن پەقەت بىرلا نامزات تاللىنىشى كېرەك ئىكەن.

قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، بەش قىزىغا ئادىل - باراۋەر پۇرسەت بەرمەكچى بوپتۇ ۋە قىزلىرىغا ئوخشاشلا ئۈچ يىل تەييارلىق ۋاقتى ۋە مىڭ تەڭگىدىن پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن قىزلارنىڭ ھامما ۋە يەڭگىلىرىدىن ساھىبجامال تاللاش كومىسسىيەسى قۇرۇلۇپتۇ. ئىمتىھاننىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن نومۇرنى نەق مەيداندا

ئاشكارا كۆرستىشنى بېكىتىپتۇ. كىمنىڭ نومۇرى يۇقىرى بولسا، شۇ ئوردىنىڭ ساھىبجامال تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشسا بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بەش قىز ھامما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ تەقلىد قىلىپ پۈتنى كىچىك قىلىپ بوغۇپتۇ، يەنە بىر ئىككىنچى ھاممىسىنى دوراپ بېلىنى قورۇپتۇ. بىرى قاش چەكسە، يەنە بىرى كۆكسىنى يوغىنىتىپتۇ، يەنە بىرى بولسا ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن لازېر نۇرلۇق ماشىنىدا قوش قاپاق قىلدۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا، ئۈچىنچى قىز غەلىبە قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ھامما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۈبرازىنى ئۆزىدە شۇنداق مۇجەسسەم قىپتۇكى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇ قىزنى تونىيالماي قاپتۇ. قىزدا كىچىك پۇت، ئىنچىكە بەل، تولغان مەيدە، قەلەمقاش، بىراق، لازېر نۇرلۇق ئاپپارات قاپاقنى بۇزۇپ قويغانىكەن.

بۇغۇ بىر ئويدۇرما ھېكايە، ئەمما ئۇنىڭدا ئىمتىھاننىڭ ماھىيىتىگە ياتىدىغان چىنلىق بار. مۇشۇ چىنلىق مەركىزى ھېكايىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. بۇ يەردىكى «ئادىل» ئىمتىھان نېمىنى تەلەپ قىلغان؟

ئادەم ئىمتىھاننى دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئوخشىماي قالغان، ئۆز قابىلىيىتىنى يوشۇرۇپ دورامچى بوپقالغان ۋە دوراмچى (تەقلىدچى) بولغانسېرى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. بۇ ھېكايە كۆز ئالدىمىدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىيات ئاسپىرانتىنى ئېسىمگە سالدۇ: ئۇلار ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ۋە كەسپىي ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەن، لېكىن ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. يۈرىكى بىلەن ئەدەبىيات ئىككى يەردە.

ھەر قانداق مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئىمتىھان بىر ۋاستە، ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. لېكىن ئىمتىھان بىزدە مائارىپ ۋە مەمۇرىيەت بيۇروكراتلىرىنىڭ ئادەم باشقۇرۇشتىكى سېھىربازلىقىغا ئوخشاپ قالدى. مەلۇم مەنىدە، ئىمتىھان نەپسانىيەتنىڭ سىپايە يېپىلغان تورىغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. تۇرلۇك ئايىغى چىقماس تەلەپلەرنىڭ بېسىمىدا نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ئۈن - تىنسىز ماسلىشىش، ھەرىكەت ۋە پىكىردىكى ئىجادىيلىق، خاسلىقتىن ۋاز كېچىشنى ئاقىلانە

يول سۈپىتىدە تاللىۋالدى. مۇستەقىل پىكىر ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلسە ۋە بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلسە، جىم تۇرۇش ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تارتىپ يۈرىكىگىچە ھەممە نىمىسىنى چىرىتىۋېتىدۇ.

ئەنگلىيەلىك ماتېماتىك ۋە پەيلاسوف ۋايتخىد (A.N.Whitehead) «مائارىپ بىلىمنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش سەنئىتىدۇر» دەيدۇ. ئېينىشتېين: «مەكتەپلەرنىڭ مەقسىتى مۇستەقىل پائالىيەت قىلالايدىغان ۋە مۇستەقىل ئويلىيالايدىغان ئادەملەرنى تەربىيەلەش» دەيدۇ. بىلىم ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولالايدىغان يۇقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق بىر پىكىرنى قۇراشتۇرالايمىز:

نوقۇل تەييار بىلىمنى ئۆگىتىپ، ئىشلىتىشنى ئۆگەتمىگەن مائارىپ بىلىمدىن ئىبارەت سۈپىتى چىرايلىق نەرسە ئارقىلىق تەپەككۇرنى كىشەنلەيدۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىق كىشىنى دۆتلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىنى قولىدىن بېرىش بەدىلىگە باشقىلاردىن ئۆگىنىش ساق چىشنى قومۇرۇۋېتىپ، ئالتۇن چىش سالغاندەك بىر ئىش. شۇڭا، يېڭى ئۆگەنگەن بىلىملەر شەخسنىڭ خاسلىقى، ئەجدادلار ياراتقان بىلىملەر بىلەن بىردەك بولۇشى، ئىنسانىنىڭ غۇرۇر - ئىززىتىنى شەرت قىلغان ئەركىن تاللاش ۋە بەخت قارىشىغا زىت بولماسلىقى كېرەك.

ئامېرىكا مائارىپ روھىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى جون دېۋېي ( John Dewey) مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «بىر ئادەمنىڭ دۆت، ھاماقەت ۋە كەم ئەقىل بوپقېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ۋە كېيىنكى نەتىجىسىنى بىلمىگەن». «زورلاپ تېڭىلغان مەقسەتنىڭ چاتىقى چوڭقۇر سەۋەبلەرگە ئىگە، - دەيدۇ دېۋېي يەنە بىر يەردە، - ئوقۇتقۇچى مەقسەتنى يۇقىرىدىن قوبۇل قىلىدۇ، يۇقىرى بۇ مەقسەتنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئورگاندىن قوبۇل قىلغان. ئوقۇتقۇچى ئۇ مەقسەتنى ئوقۇغۇچىلارغا تاڭىدۇ. نەتىجىدە، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ پاراستى تورمۇزلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇپەتتىشلەر، دەرسلىك كىتاب،

مېتـــود ۋە ئالـــدىنئالا بېكىـــتىلگەن ئوقۇتـــۇش پـروگراممىلىرىنـــىڭ چەكلىمىســـىنى قوبــۇل قىلــىپ، ئۆزلىرىنــىڭ ئىدىيەســىنى ئوقۇغۇچىلارنــىڭ ئىدىيەســى ۋە دەرســلىك بىـــلەن باغلاشـــقا ئامالســـىز قالـــدۇ». (دېـــۋېي: «دېموكراتىيە، تەجربە، مائارىپ»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2009)

تۇرمۇشـتىكى خوجايىنلىقنىـڭ بىـر شـەرتى، بىـر ئـادەم ئـۆز ھەرىكىتىنىـڭ مەقسـىتىنى ئـۆزى بەلگىلىشـى كېـرەك، ئانـدىن ئـۇ ئـادەم شـۇ مەقسـەت يولـدا ئاكتىـــپ ۋە قىـــزغىن بولـــدۇ. مائـــارىپتىن ئىبـــارەت ئىســـتىقبال ئىشـــىدا مەقسـەتنى بەلگىـلەش تېخىمـۇ ئەمەلىـي ۋە ئـاقىلانە بولۇشـى كېـرەك بولـدۇ. مەقسـىتىنى ئـۆزى بېكىـتەلمىگەن مائارىـپ تۈيـۈق يوغـا ماڭغـان مائارىـپ، ئۆزىنــىڭ ئوقۇشــىدىكى مەقسـىتىنى بىلمــىگەن ئوقۇغـۇچى گـالۋاڭ ئوقۇغـۇچى، ئۆزىنــىڭ ئوقۇتۇشـتىكى مەقسـىتىنى چۈشـەنمىگەن ئوقۇتقـۇچى كىتـاب قـالاپ ئۈماچ ئەتكەن قورساق بەندىسىدۇر.

ئارىـــدا مەن ئـــۈرۈمچى شـــەھىرى 23 - ئوتتـــۇرا مەكـــتەپ مۇدىرىيىتىنـــىڭ تەكلىپـــى بىـــلەن ئوقـــۇش پۈتتـــۈرۈش ئالدىـــدىكى تولـــۇق ئوتتـــۇرا مەكـــتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغـــا نۇتـــۇق ســـۆزلەپ قالـــدىم ۋە نۇتـــۇقمنى مۇنـــداق بىـــر ھېكايىدىن باشلىدىم:

بىـر ئـامېرىكىلىق، بىـر فرانسـىيەلىك ۋە بىـر يەھـۇدىي ئـۈچ يىللىـق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ.

تـۈرمە دائىرىلىـرى بـۇ ئـۈچ جىنـايەتچىگە: «ھەر بىرىڭلارنـىڭ بىـردىن تەلىپىڭلارنــى قاندۇرۇشــقا بولــدۇ» دەپتــۇ. ئــامېرىكىلىق تاماكىغــا ئــامراق ئىـكەن، تاماكـا تەلەپ قىپتـۇ، ئۇنىڭغـا ئـۈچ يەشـىك تاماكـا بېرىلىپتـۇ. فرانسـىيەلىك رومانتىـك بولغاچقـا، چىرايلىـق بىـر ئايالنىـڭ ھەمـراھ بولۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. يەھۇدىي بولسا تېلېفون تەلەپ قىپتۇ.

ئـۈچ يىلـدىن كېيىن ئـامېرىكىلىق تۈرمىـدىن چىقىپتـۇ. ئـۇ تاماكىسـىنى چىشـلەپ تـۇرۇپ «چاقمـاق، چاقمـاق!» دەپ تووۋلاپتـۇ. ئەسـلىدە ئـۇ چاقمىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

كەينىـدىن فرانسـىيەلىك تۈرمىـدىن چىقىپتـۇ، ئۇنىـڭ قۇچىقىـدا بىـر بـالا، گـۆزەل ئايالنىـڭ قولىـدا بىـر بـالا بولـۇپ، ئايـالى ئـۈچىنچى بالىغـا

قورساق كۆتۈرۈپ بولغانىكەن. فىرانسىيەلىك ئۈچ بالىنى چوڭ قىلىشنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئاخىرىدا يەھۇدىي تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، تۈرمە باشلىقىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: «تېلېفون بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. ئۈچ يىلدىن بېرى سىرت بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالمىغاچقا، تىجارىتىمىز توختاپ قالمىدى، پايدا 200% ئۆستى. سىز ماڭا ئالىي پىكاپتىن بىرنى تەقدىم قىلغان بولدىڭىز.»

ھېكايە ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلاردىن: «سىلەرچە كىم توغرا قىلغان؟» دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىينىڭ قىلغىنىنى توغرا دېدى.

مەن ئېيتتىمكى، بۇ بىر قىممەت قاراش مەسىلىسى. ھەر قانداق بىر قىممەت قاراشنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىزى بولىدۇ. ئامېرىكىلىق پاراۋان جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى بولغاچقا، ھاياتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئارتۇق تەشۋىشتە بولمىغان، شۇڭا، بۇگۈننى چوڭ بىلگەن. فىرانسىيەلىكمۇ شۇنداق، ئۇمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە تاللىغان.

مەن باللاردىن سورىدىم: «پەرزەنتلىك بولۇش فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟» باللار فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. يەھۇدىي ئۇزۇن يىللىق ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىدە سودىغا تايانمىسا بولمايدىغان بولغان. مەن باللارغا ئېيتتىمكى، ئۆمۈردىكى نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆلچىمى سان - ساناقسىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ ئۆلچىمى يەنە بىرسىگە ئۆلچەم بولالمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتتە ھۆكۈمران ئۆلچەم يوق. مۇبادا بىرىنچىلار ئالىم، بىرىنچىلار ئادۋوكات، بىرىنچىلار دېھقان، بىرىنچىلار ھۈنەرۋەن، بىرىنچىلار كارخانىچى بولمەن؛ بىرىنچىلار بىر ياخشى ئائىلە ئايالى بولمەن دېسەڭلارمۇ پىكرىم يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايە، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھالال ياشىغىلى بولىدۇ. مەن پەقەت بىر نەرسىگە قوشۇلمايمەن: ئەقلىڭلار ۋە تېنىڭلار ساق تۇرۇپ خەقتىن تىلەپ يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بويىقىلىش.

ئاردا بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى، سۆزلىشىگە ئىجازەت

بەردىم.

- كەلگۈسىدە بىر خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپ ئاچقۇم بار، سىزنىڭچە قانداق بولار؟

- سىز ئۆزىڭىز دىلغۇل بولمىسىڭىزلا، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. - دېدىم مەن.

بىر ئوغۇل بالا قول كۆتۈردى:

- مەن سىياسىيون بولالامدىم؟

- سىياسىيون سىياسىيون بولۇشنى باشقىلاردىن سوراپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۆز غايىسى ۋە ئىرادىسى بويىچە كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ.

يەنە بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى:

- سىزنىڭچە، ئائىلە ئايالى بولۇش يارامسىزلىقمۇ؟

- ئېرىگە ئانىدەك مېھرىبان، پەرزەنتلىرىگە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىدەك مەسئۇلىيەتچان ئائىلە ئايالى بولۇش شۇ قەدەر شەرەپلىككى، ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەر قانداق ئۇلۇغ ئىنساننىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چالدى. ئۇلار قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەركىن ۋە سەمىمىي پاراڭلىشىشنىڭ لەززىتىنى تېتىغانىدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بەختىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالغانلىق بىلەن تەڭ ئەمەس. مېنىڭ نۇرغۇن سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەن دوستۇم بار، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى مەندىن كۆپ ئۈستۈن. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆز ئېتىقادى، غايىسى ۋە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ھالال ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۆيىدە ئولتۇرغان ئاياللىرىنىڭ كۆڭۈل يارىسى خىزمەتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈل يارىسىدىن ئېغىر ئەمەس. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئىگىلىك يارىتىش، مۇكەممەل بىر ئائىلىنى نورمال باشقۇرۇش، ھەتتا جەمئىيەتكە ساخاۋەت قولىنى سۇنۇش لاياقىتىنى ھازىرلىغان. ئۇلار بىر قانچە بالىسىنى نورمال ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى باللىرىنى ئالاھىدە ئارزۇ - ئارمان بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىرىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئادەم كولدۇرلىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ

دەبدەبىلىك دىپلوم ئالغاندىن كۆرە بىر - ئىككى ھۈنەرنى پۇختا ئۆگەنگەن ياخشىراق. ھۈنەر ئۆگىنىش ھېلىقى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ بولغان پۇل بىلەن ھەل بولىدۇ. بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى رېمونتچىسى بىر ئىجتىمائىي پەن دىپلوم ئىگىسىگە قارىغاندا يەر شارىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە مۇستەقىل ياشىيالايدۇ. مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەۋاتقىنىم يوق. مۇستەقىل دۇنيا قارىشى يوق ئىجتىمائىي پەنچى شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن يالتىراق (سولىياۋ) خالتىكى، مۇقىم بىر ھۈنەرنىڭ ئىگىسى بولۇش يالتىراق خالتا بوپقېلىشتىن كۆپ ئەۋزەل.

ھازىر بىزدىكى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە مەكتەپلەرگە تايىنىش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان بولدى. بۇنى مەلۇم مەنىدە تەلىم - تەربىيەنى ھۆددىگە بېرىش دېسەكمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەرگە ياكى يەسلىلەرگە بېرىپ قويۇش باللارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش بولامدۇ؟ مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تۇغۇپ، قورساقنى تويغۇزۇپ قويسا چوڭ بوپقالىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتتى. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساق ئۆزۈڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا باغرىڭغا پاتقان پىچاق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. «كارل ۋېتېرنىڭ ئائىلە تەربىيەسى» دېگەن كىتابتا «قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيەسى دەل ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى تەربىيەلىمىگەنلىكى تۈپەيلى ھالاك بولغان» دېگەن بىر گەپ بار. ئەنگلىيەلىك ئەدىب خاربورت «بىر ئاتا مىڭ مەكتەپ مۇدىرىدىن ئەۋزەل» دېگەن بىر گەپنى قىلىدۇ. مانا بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىدا كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان تەربىيەچىلىك رولىنى تەكىتلەپ تۇرۇپتۇ.

كورلا شەھىرى 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتۇقىمدا «باشقىلارغا يۆلەنمەي ياشاشنى ئۆگىنىش نۆۋەتتىكى مائارىپ يۈنىلىشىمىز بولۇشى كېرەك. ھازىردىن باشلاپ سىلەردە ئېنىق ئوقۇش نىشانى شەكىللەنمىسە، دەۋرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىسىلەر» دېدىم ۋە ئۇلارغا مۇنداق بىر

ھېكايىنى ئېيتىپ بەردىم:

ئۈچ نەپەر قۇرۇلۇش ئىشچىسى بار ئىكەن، ئۇلار كۈن بويى جاپالىق ئىشلەپ، تام قوپۇرىدىكەن. بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

- نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

- تام قوپۇرۇۋاتىمەن، - دەپتۇ بىر ئىشچى.

- بىر سائەت ئىشلىسەم بەش يۈەن تاپىمەن، - دەپتۇ ئىككىنچى بىرى.

يولۇچى ئازراق مېڭىپ ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئوخشاشلا يۇقىرىقى سوئالنى سوراپتۇ:

- نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئۈچىنچى ئىشچى يىراقلارغا تىكىلىپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ:

- كۇتۇپخانا سېلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئەتراپىمىدىكى نۇرغۇن ئادەمگە روھىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشىم مەڭگۈلۈك ئىش، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، ئاۋۋالقى ئىككى ئىشچى پېتى قېلىپ، تامچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى ئىشچى بولسا ئىنتايىن داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى - ئىنژېنېرىغا ئايلىنىپتۇ.

مەن ئوقۇغۇچىلاردىن «يۇقىرىقى ئۈچ ئىشچىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ كەلگۈسى نېمە ئۈچۈن باشقىچە بولدى؟» دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن دېگۈدەك «ئۈچىنچى ئىشچى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ» دېيىشتى. ئىسىل ناۋاي بىلەن چوپەي ناۋاينىڭ پەرقى شۇكى، چوپەي ناۋاي پۇل ئۈچۈنلا نان ياقىدۇ، ئىسىل ناۋاي نان يېقىشقا دائىر ياخشى - يامان، پاسكىنا - پاكىز، ھالال - ھارام، خېرىدار ۋە بازار قاتارلىق بىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق چوقۇقلىرىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنداق ناۋاي پۇل ئۈچۈن تەتقىقات تۈرى

ئىشلەيدىغان ئالىمدىن ئادىمىلىك جەھەتتە خىلىلا ئۇلۇغ.

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2010 - يىل 4 - سان

# شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى تەنھا ئارال

ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە نەشرىدىكى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

ياپونىيىلىك مەشھۇر جامائەت ئەربابى چىتىيەن دازۇ مەشھۇر ئېنگلىز تارىخچىسى ۋە پەيلاسوپى ئارنولد تويىنبىدىن: «سىز قايسى دۆلەتتە تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مەن بۇددا دىنى تارالغان جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى («21 - ئەسىرگە نەزەر». چىتىيەن دازۇنىڭ بېغىشلىمىسى).

تويىنبى ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاددىيلا بىر ئارزۇ دېيىشكە بولمايتتى، بەلكى ئۇ شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى پارلاق ھەم مىسلىسىز سەنئىتىنى، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان مەدەنىيىتىنى ۋە ھاياتى كۈچىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر پەيلاسوپنىڭ لېرىك قەلبى ئىدى. تالاي يىللارنىڭ تومانلىق باغرىدا غۇۋۋا تۈس ئېلىشقا باشلىغان تارىخ ئۆزىنىڭ تولىمۇ چالا ياكى يېرىم - ياتا گەۋدىسى بىلەن تارىخچىلاردىن تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمى قىياسقا ئۆزگىرىشتىن بۇرۇنقى ئەنە شۇ تەسەۋۋۇر تارىخچىنىڭ چىنلىقىغا تەشنا قەلبىنىڭ رومانتىكىسى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ، داۋاملىق ئىچكىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، تارىخچىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچنىڭ بىر قىسمى چىنلىق، يەنە بىر قىسمى شېئىردۇر. بۇ، ئەقىل ئىزگىنىنىڭ كۆرۈنمەس ئۇچىنى ھەقىقەتكە

تاپشۇرغان تارىخچىلارغا مەنسۇپ.

تارىخنىڭ خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ھەممىگە مەلۇم ئەھمىيىتىمۇ بار. بىراق ئۇنتۇشتىن ئىبارەت كىسەللىكىمۇ بار. بۇنداق كىسەل ئوردا تارىخچىلىرىدا ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىنسان روھىنىڭ ھېسسىيات مەنتىقىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانغا مايىل ئاتالمىش لوگىكىسىنى توقۇپ چىقىرىشىدۇ. چىڭغىز ئايماتوف «ئەسىرگە تەڭ بىر كۈن» ناملىق رومانىدا ئۇنتۇشنىڭ كېلەچەكتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر زىيانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنتۇش ئۇنۇتقۇچنى پاجىئەگە زورلاش بىلەن بىرگە ئۇنتۇلدۇرغۇچنى چۆشكۈنلەشتۈرىدۇ، زىياننى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارتىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ جاسارەتلىرى، شائىرلارنىڭ تراگېدىك ھېسلىرى ئەنە شۇ سەۋەنلىكنىڭ بەلباغلىرىدا بوغۇلۇپ، بوگۈننىڭ ئېنىرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىسىڭىز، زور گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر جاي بار، ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. دۇنيا تارىخىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو تارىخىنىڭ قاتمۇ قات رىشتى بۇ رايونغا شۇنداق باغلانغانكى، بىز بۇ تارىخنى كەينىگە قايتۇرۇپ ۋاراقلىغانسېرى مەدەنىيەتكە دائىر ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بايقايمىز. بۇ يەردە ئىران، يۇنان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى، يەرلىك تۇران (ئۇيغۇر) مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى لىنىيىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قىتئەلەگە ئايرىپ تۇرۇۋاتقان شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى شۇنداقلا ئاز - تولا خىرىستىئان دىنى ئامىللىرىنىڭ مۇجەسسىمى بار.

بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆلەڭگىلىرى بار، تۈرك ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار بار، ئۇيغۇر كىمياگەرلىرى تاۋلاپ چىققان تۆمۈرنىڭ مەزمۇتلۇقى بار. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا گۈزەل قىزلار دەرەخلەرنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلىدۇ، ئادەملەر ساماۋىي نۇر تەرىپىدىن زېمىنگە تېرىلغان،

ئادەملەر زېمىندىن ئۈندى. بۇ يەردىكى بۇۋاقلار كۆك بۆرىلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىسا شادلىنىدۇ. بۇ يەردىكى بۇۋاقلار 40 كۈن ئىچىدىلا باتۇرغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەدىم تارىخىنى ماگىللان تەرىپىدىن «تىنچ» دەپ سۈپەتلەنگەن تىنچ ئوكيانمۇ سۆزلەيدۇ: ئاشۇ يىراق تىنچ ئوكياندا ئۇيغۇرلار قۇرغان قۇياش ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرلىق ئەرۋاھى چايقىلىپ تۇرىدۇ (چېرچىۋارد: «قەدىمكى‹مۇ›چوڭ قۇرۇقلۇقى» 1997 - يىل موسكۋا سوفىيا نەشرىياتى، روسچە نەشرىدىن يەتكەن ئۇچۇر) .

بۇ يەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆرۋۆەتلىك ئالقانلىرى دەستىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن قۇم ھېكمەتلىرى ئاپىرىدە بولغان. بۇ يەردىكى قۇملار بەئەينى چۈش قۇدۇقلىرى. تارىخنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ۋە قان - ياشلىق قىسمەتلىرى زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقىپ يۈرۈپ، ئاشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىگە ئايلانغان. ئاسمان ھەر كۈنى مۇشۇ قۇدۇقتا يۇيۇنىدۇ.

بۇ يەر مەڭگۈلۈك چىڭقى چۈش. قۇياش ئەڭ سەممى نۇرلىرىنى بۇ يەرگە بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قوقاستەك قىزىپ كەتكەن زېمىنگە دەسسەپ يۈرۈپ، بەدەنلىرىنى مىس رەڭدە تاۋلايدۇ. ئۇلار بىپايان ئوت دېڭىزىدا قىيامەتنىڭ تەنھالىقىنى مەشىق قىلىدۇ. ئۇلار قۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋسەردەك سەگىتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ، كۆڭۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ قىزلىرىنىڭ مېڭىشىدا دۈنخۇاڭ غارلىرىدىكى سەنەملەرنىڭ نەپىس جەۋلانلىرى بار. مىڭئۆي تارىخ ھەزىم قىلالمىغان مىڭ قوڭغۇراق. يىللار شامىلىنىڭ توختاۋسىز تېگىشى ئىنسانىيەتنىڭ تېخى تەبىر تاپمىغان نازاكەتلىك پىنھان چۈشىدىن سادا بېرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى خۇددى ۋاڭ مېڭ تەسۋىرلىگەندەك سادىدا، ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ۋە يۇمۇرلۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدا پەيلاسوپلارغا خاس چوڭقۇرلۇق بار. ۋاڭ مېڭنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ ۋە بەڭباش گېپلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى ئانا تىلىم دېگەن. تىل روھى ۋەتەن. بۇ

تىلىدا ئوخشىمىغان هايات ئىقلىملىرى تۇغقانغا ئايلىنىدۇ. تاش ئۇخلاپ قالغان كۆي بولۇپ چىقىدۇ. زەھەر ئاقساقاللارنىڭ خاسىيەتلىك دۇئاسى بىلەن شەربەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ تىلدا تۇمانلار كۆلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان پەقەت چىكىت بولۇپ قالىدۇ. بۇ تىل مەڭگۈلۈككە سوزۇلغان ئۇزاق يول. يۇلتۇزلار شائىرلارنىڭ سەپىرىدىن ئۇنىگەن تۇزاق.

بۇ پەردە شۇنداق بىر روھى كامالەت بار: بۇ كامالەت نەسرىددىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھېكمەتلىك كۈلەلەيدىغان كومپېدىيلىك ئوبرازنى ياراتقان. ئەگەر نەسرىددىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغان لەتىپىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ سىلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۈلكىسى هادىسىلەر مەنتىقىسىنى زورمۇ زور بۇرمىلاشتىن كەلگەن يۈزەكى كۈلكە ئەمەس، بەلكى هاياتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشتىن كېيىنكى تەسەۋۋۇپچە كۈلكە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىدا ئالەملىك قانۇنىيەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ئەكس ئەتكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدا ھۆكۈمرانلار ۋە جاھانسازلارغا قارىتا ئاچچىق تەنە بار. ئۇ، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ھەممە قىرلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مەركەزلەشتۈرگەن تەۋەككۈلانە ئوبراز. بۇ كومپېدىيلىك ئوبرازنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان ئۇيغۇر 12مۇقامى. ئۇيغۇرلار هايات، ئالەم ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان سىرلىق دىئالوگنى ۋە بۇ دىئالوگنىڭ قاتلىمىدىن ئوخچۇپ چىققان مەنە فونتانلىرىنى مۇزىكا رەۋىشىدە ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىلاردا شۇنداق بىر مۇڭ باركى، بۇ مۇڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى هاياتنىڭ كوچىلىرىدا ئېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ياڭى هاياتتىن ھالقىشتىن كېيىنكى ئىلاھى ماكاننىڭ چەكسىزلىكىدە تونۇلغان ھەيرانلىق، ئىزتىراپ، بىلىشكە بولغان تەشنالىق، ئالەم روھى ئىلكىدىكى لاماكانلىق بار. ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى جەۋھەرلەر سۈپىتىدە مۇزىكىدىن ئىبارەت پەرىشتىلەر تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ئۆتىگەن. نەسرىددىن ئەپەندىدە هاياتقا نىسپەتەن كومپېدىيلىك نەزەر ئىپادىلەنگەن بولسا،

ئۇيغۇر 12 مۇقامىدا بىرخىل سىرلىق تەشۋىش، شېرىن تەلپۈنۈش، يارقىن مۇڭ ئەكس ئەتكەن. مانا بۇ ھاياتقا تۇتۇلغان يەڭگىل ۋە قاتتىق پوزىتسىيىنىڭ ئوخشاش قىممەتتىكى يۈكسەك ئېستېتىك دۇنياغا ئايلاندۇرۇلۇشى.

تارىخ، تەرەققىيات، تەبىئەت، خاتىرە...

تارىخ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن، ئىنسان كامالىتى ھەققىدىكى بەدىئىي بايقاشلاردىن

ئوكتاۋئىئوپاز يازغان سىرلىق تەنھا قەسىرنى قورۇپ چىققان. بۇ قەسىر ئۆزىدىكى ھەرقانداق تەۋەككۈلچىنى ئىرماش - چىرماش كوچىلىرى بىلەن مۇقەددەس بىر سۈزۈكلۈككە يېتەكلەيدۇ. بۇ سۈزۈكلۈك دەل ئەبەدىيلىكنىڭ ئىشىكى. تەكلىماكان ئەنە شۇ سىرلىق تەنھا قەسىرنىڭ ماددىي كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ يەردىكى قۇم بارخانلىرى تىنىماي چىقىپ تۇرغان شاماللاردا ئورنى ۋە ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. لەھزىلەر ئارا تۇغۇلغان قۇم قەلئەلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تالاي ئەسىرلىك تىلسىملارنى شاماللار تىلىدا بوغۇق جاكارلاپ، ئىككىنچى بىر شەكىلگە كىرىدۇ. مانا بۇ سىر تاشقىنى. بۇ تاشقىندىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھاۋالىسى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ھازىرنىڭ ئۈپۈقلىرى جامال ئىچىپ نۇر يامراشلىرىنىڭ سۈرئىتىدە يېڭىچە ئالەمگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

تارىخ، تەرەققىيات، ئۈنتۈش، ئىزىقىش...

دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە مەدەنىي ئالاقىلارنىڭ دېڭىز ئارقىلىق بولۇشى يېپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۈملىدىن تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى تورسىمان تۈگۈنلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا باشلىدى. ھىندىستان، كەشمىر، شام (سۇرىيە) ، ئىران، ئىراقلىقلارغا شۇنداقلا چاڭئەن، سۇجۇلارغا مېڭىپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كولدۇرما ئاۋازلىرى ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ، كىشىلەرنىڭ جاھانغا يۈز كەتكەن ئىجادكار روھى ئوكيان ساھىللىرىنى ئېكسپېدىتسىيىلىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇشقا باشلىغان ياۋروپا كىشىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇر چېچىشقا باشلىدى.

ئەنە شۇ شانلىق تارىخ، ئەنە شۇ پارلاق مەدەنىيەت، شېئىرىيەت، مۇزىكا، رەسسملەرنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى گارمۇنىك گۈللىنىشى ئەمدىلىكتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ساناقلىق ئالىملارلا بىلىدىغان گۈزەل رىۋايەت بولۇپ قالدى. دەۋرنىڭ سىرلىق مۆجىزىلىرى داڭلىق مۇزېيلارغا نوپۇز ۋە شۆھرەت ئاتا قىلغۇچى قىممەتلىك بىزەككە ئايلاندى، شۇنداقلا تىرىك تارىخنىڭ سۆلتى، كۈچى ۋە قەھرى بولۇشتىن قالدى. ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىش، ئۇلارنى بىلىش پەقەت ئاز ساندىكى ئاكادېمىكلارنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى.

گارسىيە ماركوس «100 يىل غېرىبلىق» رومانىدا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دۇنياۋىي ئورتاقلىق ۋە گۈللىنىشتىن مەھرۇم ھالىدىكى تەنھالىقنى دۇنياغا ئاڭلاتتى. مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، لاتىن ئامېرىكىسى ئەمدىلىكتە ھەرگىز تەنھا ئەمەس، ئۇلار بۈگۈن ھەيۋەتلىك دۇنياۋىي ئېقىمنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرىغا ئايلاندى. ئۇلاردىن چىققان گارسىيە ماركوس، پابلو نېرودا، ئوكتاۋئويپاز، بورخىس، ئاستۇرىياس قاتارلىقلارنى پۈتكۈل جاھان ئۇستاز، دەپ تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئۆزگىچە خىلقۇەت كورۇنۇشلىرىنى تەسۋىرلەپ، كىشىگە چىن ئىنسانىي سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك ھەققىدە چوڭقۇر ساۋاقلارنى بېرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندى.

تەكلىماكان ۋادىلىرىدا مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان كىشىلەر لاتىن ئامېرىكىسى مۇشۇ ئەسىردە تەرك ئەتكەن ئېغىر تەنھالىقنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلمەكتە. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەرگىزمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تاللىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنتۇغاق تارىخنىڭ يالدامىسى. بۇ يەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەدەبىياتى دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان ئىقلىملىرىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنى، دىنلارنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئۆزىنىڭ رېئال مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىيالىدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزىنىڭ چۆچەك ئەپسانىلىرىدە، قىسسە - داستانلىرىدا دۇنياۋىيلىقنى تېما قىلدى.

15 - ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي ماكىدونىيىلىك

ئىسكەندەر ھەققىدە داستان يازدى. ئۇنىڭ قەلىمىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد ئەرمەنىستان مەلىكىسى شىرىننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئەرمەن خەلقىگە سۇ باشلاپ كىلىدۇ. مانا بۇ بىز بۇگۈن ھەدەپ تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىنتېرناتسىئونالىزىم. پىلاتون، ئارىستوتېل ئىدىيىلىرى مىڭ يىل ئىلگىرىلا فارابى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدە گرېك ماتېماتىكلىرىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە سوقرات غاردىكى ئەۋلىيا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەتتا گرېك ئالىملىرى خەلقىمىزگە شۇ قەدەر ئوموملاشقانكى، بىر قىسىم قىسسە - چۆچەكلەردە پەيغەمبەرلەر قاتارىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلىدۇ.

بۈيۈك پارس شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ئەسىرى بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلدى. ئەرەب - پارس تىللىرى بۇ يەردىكى مىڭ يىللىق مائارىپ تارىخىدا ئۈگۈنۈش ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ كەلگەن چەتئەل تىللىرى ئىدى. خوجا ھاقىز، جالالىددىن رۇمىي قاتارلىق پارس تىللىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يەردە ھەممىگە تونۇش. سەئدىيە خانلىقى ۋە ئاپپاق خوجا دەۋرىدىكى ئوردىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مۇشائىرىلەردە جالالىددىن رۇمىينىڭ شېئىرلىرى بىۋاستە پارسچە ئوقۇلاتتى. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شائىرلارنىڭ دىئالېكتىك ئېلېمېنتلارغا باي تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندى. گېگېل جالالىددىن رۇمىينى ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك ئۇستاز قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. گيۆتى ھافىزنىڭ غەزەللىرىنى تولۇپ تاشقان رومانتىك قىزغىنلىق بىلەن قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ (گيۆتىنىڭ «西东合集» ناملىق توپلىمىغا قارالسۇن) .

شەيخ سەئدىنىڭ قەشقەرگە كەلگەندە ھېيتگاھ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇغانلىقى ھەققىدە قەيتلەر بار. ئەرەب تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان غەززالىنىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىگە كېلىپ

مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ھەققىدە خەلق قىسسىلىرى بار. بۇنىڭدىن سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن روھىيەت ئىشىكلىرىنى داغدام ئېچىۋەتكەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى يىمىرىلمەس ئىممۇنىت كۈچى بىلەن ھەزىم قىلغان بىر خەلقنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس. تۇران، ھىندىستان، ئىران، يۇنان، ئىراق قاتارلىق ئەللەر بىلەن قۇتۇپلاشقان مەركۇر مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قېرىنداشلىقنى، ئىلغارلىقنى ۋە بىر - بىرىگە بولغان ساپ پەرۋىشكارلىقنى تونۇپ يېتىش تەس ئەمەس.

20 - ئەسىر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ئەنئەنە ئېغىر ۋەيران بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ئەۋجىگە چىققان، ئىجابى روھ يېگىلگەن، ياتلىششىنىڭ بوھرانلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان بىر ئەسىر بولدى. بىز زامانىۋىيلىقنىڭ دۇنياۋى رەپتارىدىن خېلى يىراقتا قالدۇق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ شاھ، غالىب روھى گاڭگىرىغان، توغرا ئەقىدىنى تاپالمىغان ھالىتىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. دىمەك، تارىختا بۇرۇن گۈللەنگەن مىللەتلەردە كۆرۈلگەن ھازىرقى ئەنە شۇنداق قاتمال ھالەت بىزدە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ئەكس ئەتتى.

روھىي سۇلغۇنلۇق ئۇنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان شېئىرىيەتتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىيەت ئىنسان روھىدىن ئىبارەت بۇ ئوربىتىدىن چىقىپ كەتكەنسېرى يۇمرانلىقنى، بىغۇبارلىقنى، ھالال ۋە خاسلىقنى يوقاتتى. قېپقالغىنى تولا ئىشلىتىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن قاپپىيە شەكلى، تۇراقلىشىپ فورمۇلاغا ئوخشاپ كەتكەن بىر قانچە ئوبرازلاردىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كېسەلچان ئەپتى بىلەن دىداكتىكا ئېلىپ باردى. ساختا ئوبراز، يالغان چېچەنلىك ۋە تاشقى بىزەكدارلىقى بىلەن دەۋرنىڭ ماھىيەتتىن يىراق كۆپۈكلىرىنى كۈيلىدى. چوڭقۇر دېڭىز شېئىرىيەتتىن خالى قېلىۋەردى. شائىرلارنىڭ خىيالىدا پوئېتىك پەرۋاز، پەلسەپىۋى سىنتېزلاش پۈتۈنلەي غايىپ بولدى. شېئىرلار بۇيرۇتما قىلىپ يېزىلىدىغان بولدى. ئۆزىدىكى سەممىيلىكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بۇ شېئىرلار دەۋرنىڭ شائىر دۇنياسىغا بولغان چاكىنا

ئارىلىششىنى چاندۇرۇپ قويىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ هال ئەلۋەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەدەبىيات بىلەن تەقدىرداش كېلىپ چىقتى.

جەمئىيەتتە شېئىرىيەت ئۇچۇن جىددىي كېرەك بولىدىغان ئوكسىگىنىنىڭ بولماسلىقى تىلنىڭ مېيىپلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سۆزلەر ئۆزىنىڭ تۇيغۇغا نامراتلىقى تۇپەيلىدىن لاپسىيىپ قالدى. بىراق ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىيىتىگە يات رېئاللىقنى هامان قوبۇل قىلالمايدۇ. جۇڭگولۇقلار ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى ئازراق روهى ئازادلىكنى ئاخىر تاپتى. بۇ ئاز - تولا روهى ئازادلىك غايىسىگە ئېچىلغان رۇجەكتىن كىشىلەر ئۆز تەبىئىيىتىگە لايىق غايىۋى رەڭلەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى ئاچىدۇ، ئۆزى هەققىدە سەمىمىي ئويلاشقا ئۇلگۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىنكاس ۋە ئىپادىلەشنى ماهىيەتكە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەشهۇر ئەدەبىي ئوبزورچى شى مېيەن ئەپەندى مۇنداق دېگەندى: «شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ سولۇپ يەنە ياشنىشى، هالاك بولۇپ يەنە هاياتلىق تېپىشى هەرقانداق كۈچ رەت قىلالمىغان بىر خىل تارىخىي قانۇنىيەت» ( «گۈڭگا شېئىرلاردىن تاللانما»، باهار شاملى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىل شېنياڭ) .

ئۇزاق مەزگىللىك قاتماللىقتىن كېيىنكى بىردىنبىر تاللاش ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاهاتتىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساهەسىدە، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساهەسىدە بىر دولقۇننى شەكىللەندۈرىدۇ. بېي داۋ، شۇتىڭ، گۇچېڭ قاتارلىقلار مانا مۇشۇ دولقۇننى پەيدا قىلغان ئىسسىق بوران ئىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى گويا تۇرمۇشتا يوق نەرسىلەرنى غۇۋا قىلىپ دەپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىلەر سىرتقى تۇرمۇش هادىسىلىرىغا تەدبىقلىغاندا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ روهىي هادىسىلىرىغا شۇنچە يېقىن ئىدى. ئۇلارنى باتىن (روهىي) كۆز بىلەن كۆرگەندە شۇنچە يارقىن، گۈزەل بولۇپلا قالماي يەنە رېئاللىقنىڭ خىلۋەت بىر پارچە زېمىنى بوپ چىقىدۇ.

بېي داۋ باشچىلىقىدىكى «گۈڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلگەندە ۋە بۇ هەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرە بولۇۋاتقاندا، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەخمەتجان

ئوسمان باشچىلىقىدىكى شېئىرىيەت ھەرىكىتى باشلاندى. بىر قىسىم ياش شائىرلار بېيى داۋ قاتارلىق زاماندىاش شائىرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. مۇختار مەخسۇت، پەرھات ئىلياس قاتارلىق شائىرلار بېيى داۋ، شۇتېخلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇلار خەنزۇ شېئىرىي تىل قۇرۇلمىسىدىكى بەزى مىللىي خاسلىقلارنى ئۇيغۇر شېئىرىي تىلىدا سىناق قىلدى. بىراق ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تەسىر قوبۇل قىلىشىدىكى روھىي زېمىنى ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ، سۇرىيىنىڭ دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا 6 يىل ئوقۇش جەريانىدا مىستېتىك تۇيغۇغا باي ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشتى. روھىيەتتىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى نازۇك قۇلۇپلىرىنى تۇمەن مىڭ ھۈنەر بىلەن ئېچىپ تاشلايدىغان مۇزىكىدار ئەرەب تىلى ئۇنى مەنە پەلەكلىرىنىڭ يارقىن سەييارىلىرى ئارىسىغا باشلاپ كىردى. ئىنسانىي چەكلىك مەبۇدلار ۋە پانىي نوپۇزلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ ئۇپۇقىنى ئىلھامبەخش سۆيگۈ بىلەن ئېچىپ بەرگەن مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سەزگۈلىرىنى كەسكىن ئويغاتقاندا، پانىي ئاسارەتكە مەھكۇم ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىتىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى. بۇنى ئۇنىڭ شېئىردىن ئىبارەت تەرجىمھالى ئايان قىلدى. ئۇ، ئىلاھىي دۇنيانىڭ پايانسىزلىقىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىسيانىدىن مەغرۇرلانغاندا، ئۆزىنىڭ ئىبلىسلىقىنى ئاشكارىلايتتى. ئۇنىڭ پەلسەپە مەكتىپىدىن قوبۇل قىلغانلىرى ئىبلىستەك خۇشپۇراق ۋە مەس قىلغۇچى ئىدى، شۇنداقلا ئىبلىستەك گۇناھبەخش ئىدى. ئۇ، مەڭگۈلۈك پالىنىشنىڭ سەپىرىدە بايقاش ئېلىپ باراتتى، بايقاشلىرىدىن كېلىپ چىققان سامانى قان تېمىپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى بىلەن مىخلاتتى. بۇ يۇلتۇز سۆز ئىدى، قان ئېرىشىش بەدەللىرى ئىدى.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سۇرىيىدە نەشر قىلىنغان «تۇيلار سىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا سۇرىيە ئوبزورچىسى نازىم مۇھەننا «باياۋان ئېستېتىكىسى» دېگەن نامنى بەرگەنىدى. باياۋاندا كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغان ئوبراز ۋە قىياپەتلەر بولمايدۇ. بىپايان ئاسمانىنىڭ تېگىدە سىدام قۇم دۇنياسى ئۈپۈققا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە ۋاقىت گويا توختاپ قېلىش رەۋىشىدە چەكسىز كېڭەيگەن بولىدۇ. ئۇ يەردە باشلىنىش يوق، ئاخىرلىشىشمۇ يوق. ئۇ يەردە ئاۋازمۇ يوق. سۈكۈنات بۇ ئىقلىمنىڭ بىردىنبىر تىلى. سۈكۈنات پىكىر ۋە شېئىرنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى. مانا بۇ تەبىئەتتىكى تەسەۋۋۇپ. شائىر بۇ يەردىن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سىرلىق تەكلىماكاننىڭ رەمزىنى كۆرىدۇ. ئۇ، ئەرەب باياۋانلىرىدا يۇرۇپمۇ قەلبىنى ئۆزىنىڭ ئانا سەھرالىرىدا دوملىتىدۇ.

ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بۇرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى. ئۇلار «شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىپىسى بار» دېگەن سۆزدىن دادىل گۇمانلىنىپ، شېئىرنى پاك ئادەمىي خاسلىق سوپىتىدە تونۇدى. شېئىر بىر قاتار قائىدە - نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ياكى قانداقتۇر بىر ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى سېزىش قۇدرىتى، بۇنداق سېزىش مۇئەييەن مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە پەيدا بولدى:

A: شېئىر چۈشىنىلىشى كېرەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ.

B: شېئىر چۈشىنىلىشى ئەمەس، ھېس قىلىنىشى كېرەك. تەلپۈنۈش يۈزدە - يۈز چۈشىنىشنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

A: شېئىر بىر خىل ئىدىيە مۇكەممەللىكى.

B: شېئىر بىر خىل كەيپىيات، بىرخىل ئۇزۇك سىزىق.

A: شېئىر مەنتىقىدە.

B: شېئىر مەنتىقىنىڭ سىرتىدا.

A: قاپىيە شېئىرنىڭ ھۆسنى.

B: قاپىيە شېئىردىكى مۇزىكىنىڭ ئەڭ ئاشكارا ئامىلى. «شېئىر ئاۋاز بىلەن تۈيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى تەۋرىنىش» (پول ۋالېرىي) .

روشەنكى، ياشلار شېئىرىيىتى مەزمۇن ئاسارەتلىرى ۋە شەكىل

قانائەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، شېئىرىيەتنى ياتلىشىشتىن ئىلگىرى ھەقىقىي ھالەتكە قايتۇرۇش ھەرىكىتىدىن بەلگە بەردى. ئۇلار غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىزم، ھالقىما رېئالىزم، ئىشارىزم شېئىرلىرىنىڭ تىل، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگەندى ۋە ئۆزلەشتۈردى. لېكىن ياشلارنىڭ شېئىرىيىتى يەنىلا «ئوغۇزنامە»، تاش ئابىدىلەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، مەشرەپ، موللا بىلاللارنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان شېئىرىيەتتۇر. چۈنكى ياشلار ئەجدادلىرى تەرىپىدىن پىشۇرۇلغان شېئىرى تىلنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىنى زورايتىشقا تىرىشتى. گەرچە ئۇلار غەربتىن ئۆگەنسىمۇ، ئەمما ئانا تىلىدىكى ئىرسىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى مىللىيەت ئۇلارنى مۇستەقىل خاھىشقا ئۈندىدى. ئۇلار ھېرمان ھېسسىي ئارقىلىق ئەھمەد يەسسەۋىينى، سان جون پېرس ئارقىلىق ئەلشىر نەۋائىينى قايتا تاپتى. ئۇلار ئەجدادلىرى ياراتقان شېئىرىيەتتىن دۇنياغا ئورتاق بولغان ئاملىنىڭ نۇرغۇن ئىككىنلىكىنى بايقاپ، غورۇرلاندى.

بىپى داۋلار تارىخىي ئويلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسا، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى مىللىي ئەپسانىلەرنىڭ دۇنياۋى مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى نىشان قىلدى. چۈنكى ئىنساننىڭ قابىلىيەت بايلىقىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قېزىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان كىيىنكى سانائەت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تېرىمنى ئاساس قىلغان دېھقان مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي تەپەككۇر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلدۇ. بۇ خەلقنىڭ مىجەزىدە، تىلىدا، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتىدە قويۇق شائىرانە قاننىڭ ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئەڭ رەھىمسىز تۈس ئالغان بۈگۈنكى شارائىتتىمۇ بۇ خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە بالىلارچە مەسۇملۇك بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ. سانائەتنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ۋە بۇلغىنىشلىرى قاپلىغان، كۆيگەن نېفىت گازى پۇراپ كەتكەن ھاۋادا بۇ خەلقتىن يەنىلا تۇپراق، ئۈسۈملۈك پۇراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ شېئىر

قاغجىراۋاتقان دۇنيادىكى ساپ شېئىر .S.T ئېلىئوت سۇرەتلىگەن باياۋان بوگۇنكى دۇنيادا ئاپەت خاراكتېرلىك كېخەيدى، شېئىرنىڭ ۋەتىنى تارايدى. شېئىر بوگۇنكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ قېنى ۋە مىجەزىدىكى جەۋھەر ئەمەس، ئەكسىچە ماھارەتكە ئايلاندى. شۇڭلاشقا دۇنيا بۇ خەلقنى سەزمىدى. لاتىن ئامېرىكىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر تەنھالىق بۇ خەلقنى شېئىرنى، مۇزىكىنى، شارابنى، خۇدانى سۆيۈشكە ئۈگەتتى. بارغانسېرى ئىچ مىجەز بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق ئالەمنىڭ ئۇلۇغلۇقنى ئۆز زىددىيىتىنىڭ ئىچكى تاناسىپلىقى ئارقىلىق چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇلار پاكىز قەلبىنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئىچىگە چېكىنىۋەرگەچكە، ئۆزىنىڭ پايانىنى ئالەمگە باراۋەر ھېس قىلىدىغان بولدى.

مانا بۇ شائىر مىللەتنىڭ تەقدىر مەنتىقىسى. شېئىرىيەت ھۆججەيرىسىدىن پۈتكەن بۇ ھالال ۋۇجۇد نۇرغۇن نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ياكى نۇرغۇن نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۆيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسى تېخى ھېچكىم بايقىمىغان يېگانە ئارال، لېكىن بۇ ئارال روبىنزون كېروزوغا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى ياۋايىلار ئاربىلىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە مىللىي خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سۇلالىسى بار.

قولىمىزدىكى بۇ توپلام بوگۇنكى ئۆيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ دىخىزىدىن ئىرغىپ چىققان بىر چاقچاق سەدەپ، ئۇنى بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بالاغىتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق بالاغەتنى تەكرارلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇسىغىز بولىدۇ.

كىمگىدۇر شېئىرىيەت نىقاب بولسا گەر،
كىم ئۈچۈندۇر دۇكان بايلىق مەنبەسى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بولسا نىقاب ئەمەس دەرد،
شۇنداق ئاغرار ئىدى نازىم يۈرىكى.
- «نازىم يۈرىكى»

مانا بۇ روس شائىرى يېۋگېنىي يېۋتوشېنكونىڭ ئۈيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمغا بەرگەن باھاسى.

شېئىر ئۈيغۇر ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئۆزى، ئۇ ئوقۇيدىغان نەرسە ئەمەس، ياشايدىغان نەرسە.

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1999 - يىل 5 - ، 6 - سان

# ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار

ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقىنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم ھېسابلىما.

- ئەلشىر نەۋائىي

1

ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم ئۆزى ئىز قالدۇرغان ھەر بىر تۈنۈگۈنى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويالايدۇ، شۇنىڭدەك ھەر بىر ئەتىنى كۆڭلى توق، ئىشەنچلىك ھالدا قارشى ئالالايدۇ. بىراق ئىشلىرى چالا قالغان ئادەم ياكى ئىنسانىي ھاياتتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتلەرگە باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاشالمىغان ئادەم نېمە قىلىشى مۇمكىن؟ بۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ، ئۆمرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ھالدا ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرەر سېزىمنىڭ بولۇشى تەس گەپ، ھەرقانچە بولغاندا، ئۇنىڭدا سۇس بىر غەمكىنلىك بولار. بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ تۇزۇك ياشىمىغان ئادەم، روھىي، ماددىي يېتىلىشىنىڭ ئۆزىگە خاس نىسۇۋسىنى تېتىماي، ئۇنى گۇمراھلىق ئىچىدە تەرك قىلغان ئادەم ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ھېساب بېرىدۇ.

دېمەك، سەن راھەت كۆرمىگەنىكەنسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ يىپ ئۇچى

ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدە بولىدۇ. بىراۋلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، يات بىراۋلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ قويالامتى؟ دۇنيا تارىخىنى تەكشۈرسەك، قوشنىدارچىلىقنىڭ پىرىنسىپى مۇنداق بوپتۇ: ئۆزىنى ئۆزى سۆيمىگەنلەرنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلمىغانلارغا قوشنىسىمۇ ياردەم قىلمايدۇ. ئاجىز قوشنا كۈچلۈك قوشنىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، كۈچلۈك قوشنا ئاجىز قوشنىلارنىڭ ياردىمىگە ئۇچرايدۇ.

2

بىزمۇ 21 - ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز. كىشىلەر ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈللىنىشنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئېچىۋاتقاندا، بىز ئۆتمۈش ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ قەرزلىرىگە بوغۇلۇپ كەتتۇق. بىز يېڭى زاماننىڭ سىناق مەيدانىغا قەرز دەپتەرلىرىنى ئۆشنىمىزگە ئارتقان ھالدا كىرىپ كېتىۋاتىمىز. بۇ دەپتەرلەر بىزنىڭ ئەسلىدىكى قاۋۇل ۋۇجۇدىمىزنى بېسىپ يىگىلىتىش بىلەن بىرگە روھىمىزنى سىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى پانىي دۇنيانىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باقىي دۇنيانىڭ جەننىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغۇ!

بىز خوشلىشىۋاتقان 20 - ئەسىردە ئىنسانىيەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە قەدەم قويدى. رادىئو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېرلار بارلىققا كەلدى، بۇلار يەرشارىدىكى ئىقلىملارنى، تاقىم ئاراللارنى، ئېتىقاد جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان دۆلەت، مىللەت ۋە گۇرۇھلارنى بىر - بىرىگە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتوم بومبىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئاۋئاماتكا، خىمىيلىك قوراللار بارلىققا كېلىپ، بۇلار ئىنسانلارنى يوشۇرۇن خەۋپ ئىچىدىكى دىپلوماتىيە ئويۇنلىرى، نەيرەڭلەر، كۈلۈپ تۇرۇپ خىرىس قىلىدىغان تىنچسىز، مۇقىمسىز، ۋەزىيەتكە ئېلىپ كىردى. دېمەك بۇ ئەسىردە پەن - تېخنىكا جەھەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايقاش ۋە كەشپىياتلار بولدى، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ماددىي قىممەتكە ئىنتىلىش تەبىئىيتىنى چەكتىن ئاشقان ھالدا نامايان قىلدى. ئەمما ئۇنتۇپ

قالماسلىق كېرەككى، تارىختا يۈز بېرىپ باقمىغان قاباھەتلەر، ئادالەتسىزلىكلەر، تەڭسىزلىكلەر مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، 100 مىليونلاپ ئادەم ئۆلدى، 100 مىليونلاپ ئادەم نامراتلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە قالدى. ئىنسانلار بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئۆزى ئەخلاقىي قىممەتنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئورنىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ رولىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى. بىر قانچە دۆلەت رەھبەرلىرى بىر يەرگە كېلىپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلدى. دۇنياۋى تەرتىپ ئۆزگەردى، خەرىتىلەردىكى سىزىقلار ۋە رەڭلەر ئادالەتسىز رەۋىشتە ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىنلا كوممۇنىزم، كاپىتالىزم لاگېرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن داۋام قىلدى. قورال - ياراقلار ئىسكىلاتلاردا، مەخپىي بازارلاردا كۆنسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاچ - يالىڭاچلارمۇ كۆپىيىپ، مىليونلاپ كىشىلەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلدى. تۇغۇتتىن ساقلىنىش كومىلچى ۋە قاپچۇقلىرى ياسالدى. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا ساقچىلارمۇ ئارا تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئەيدىز كېسىلى يامراپ، راك كېسەللىرى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەھشىي خەۋپكە ئايلاندى. سۇ، تۇپراق، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشلىرى توپەيلىدىن كېلىپ چىققۇاتقان تۇرلۇك ئاپەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ ياۋۇز ھالەتكە كەلدى.

روشەنكى، 20 - ئەسىردە ئىنسانلار پەن - تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بەختسىزلىكى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ھالقىپ كەتتى. گۈللەنگەن پەن - تېخنىكا، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر تۈزۈلگەن تالاي خىتابنامىلەر، قانۇنلار ۋە مەجلىسلەر يەنىلا تەڭسىزلىكنى تۈگىتەلمىدى، خىلۋەت بۇلۇڭلاردىكى يوشۇرۇن كۆز ياشلىرىنى تۈگىتەلمىدى. كۆچلۈكلەر ۋە ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش خاراكتېرلىك تىنچلىق كەلگۈسىدىكى زور بالايى - ئاپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تىنچلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلدى. ھەقىقىي تىنچلىق بىلەن

زوراۋانلارنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ساختا تىنچلىقنىڭ پەرقى تۈتەك ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس پائول A سامولسىين بىلەن ۋىلىام D نودخوس بىرلىشىپ يازغان «ئىقتىساد ئىلمى» دېگەن زور ھەجىملىك كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەنگىلىيىلىك پەيلاسوپ ئېدموند بۇركىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن: «رىتسارلىق (چەۋەندازلىق) دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سەپسەتىچىلەر، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە كومپيۇتېر دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ» .

بۇركى 18 - ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپ سۆپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى 200 يىللىق رېئاللىقتىن بىشارەت بەرگەن. دېمەك، بۈگۈنكى غەربلىكلەر دۇنياۋى تەرتىپ ۋە سىياسەتتە شۇنىڭ ئۆچۈن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇردىكى، ئۇلاردا ئىلمى پەرەزچىلەر ھەر ساھە بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ چىقىپ تۇرغان. پەيلاسوپلار جاھاننىڭ قىياپەتلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ تۇرغان. ئالىملار ماددىي قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى پەرەزلىرى ۋە گاھ - گاھ دەلىللىرى ئارقىلىق پەيلاسوپلارنىڭ پىكىرلىرىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئىقتىسادشۇناسلار بۇ قانۇنىيەتلەرنى جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە تەدبىقلاپ داھىيلار ۋە سىياسىيئونلارغا ئىلمىي تەكلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە تەسىرى مۇتلەق بولغان غەربىي سىستېمىسى بەرپا بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غەربنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق سىستېمىسى دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك غەلبە قىلغان بولدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى دەل ئوتتۇرا شەرق، پارس قولتۇقى، ئەرەب، تۈرۈك، پارسلار دۇنياسىغا غەربنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى قارمىقىدىكى رايونلاردا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىق، جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا بولدى. بۇلار بەجايىكى غەربتىن ئىبارەت ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەركىتىگە ئاساسەن قىمىرلايدىغان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى.

نەتىجىدە، ئەھۋال قانداق بولدى؟ مەنپەئەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان

ئىقتىسادىي قىممەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە بولدى. ئىنسان بىلەن ئىنسانىنىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت قانۇنى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى. مەنپەئەت، پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىددى كۆرەشلەر باشلاندى. ئىنسان تەبىئىيىتىدە بولىدىغان روھىي قىممەتلەر (ئېتىقاد) ، ئەخلاقىي قىممەتلەر (ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىك، دىيانەت) ، ئىنسانىي قىممەتلەر (ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇتقۇزۇشلار، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان رىشتىلەر ۋە ياردەملەر) يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي قىممەتنىڭ قوشۇمچە نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى ياكى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چىركاۋلار قىممىتى ۋەيران بولغان كىشىلەر ئىزدەيدىغان ئايرىم نەرسىگە، پوپلار جەسەت ساندۇقى ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىغا ماسلاشماي، سەنئەتنىڭ ئىچكى تەلەپلىرىنى قازىمەن دېسە، جان باقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ مېڭىسىدە سەنئەت، سول مېڭىسىدە تىجارەت بولمىسا بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. جۇڭگو تاكى 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاق فورمىسى ئۈچۈن ياشىدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاق فورمىسى ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە ئۆلدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاق فورمىسى ئۈچۈن ياماق چاپان، ياماق ئىشتان كىيگەن ھالدا قەھرىمان بولدى. مىليونلاپ ئىنسان ئىجاد قىلىش - بايلىق يارىتىشقا تېگىشلىك مېڭىسىنى ئاق فورمىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشنىڭ جابدۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئادىمىيلىككە ياتىدىغان تەبىئەتتىن مەھرۇم بولدى. سىرتقى دۇنيانىڭ يۈكسەك گۈللەنگەن ھالىتى 1840 - يىلىدىكى ئەنگىلىيە زەمبىرەكلىرىدەك جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر دەرۋازىسىنى سىلكىدى. ئاق فورمىسىنىڭ خۇمارى ئەپيۇنىنىڭ خۇمارىدىنمۇ دەھشەتلىك بولۇپ، بۇ خۇمار تا بۈگۈنگىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خالاس تاپمىدى. بىراق قانداقلا بولمىسۇن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئىسلاھات جۇڭگو ئۈچۈن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ماددىي مەئىشەتنى يارىتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادىي قىممەت ئۇرۇشى پۈتكۈل دۇنيانى تەلتۆكۈس قاپلىدى. روھىي

قىممەتلەر كىشىلىك جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئالىيجاناپ ئەخلاقىي قىممەتلەر مۇرەككەپ ماھىيەتلىك دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلاندى. تالاش - تارتىش، كۈرەش، تاجاۋۇز، ئالدامچىلىق قۇرۇلۇشلىرى چىرايلىق ھەل بېرىلگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بېيئەت قىلدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئەينى دەۋرلەردە ھەربىي ئىشلارغا تەدبىقلانغان ھىيلە - مىكىر دەستۇرلىرى زامانىغا يارىشا ھالدا قايتىدىن ئىشلىنىپ، پۇتكۈل سودا ۋە ئىنسانىي، ئالاقىلارغا تەدبىقلاندى (مەسىلەن، ماكياۋېللىينىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ، كىلاسسىۋېتزىنىڭ «ئۇرۇش نەزەرىيىسى» ، جۇڭگودىكى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ، «36 تەدبىر» ، «سۈنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»).

پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىنى تۇغرا چۈشىنىش كېرەك. مۇبادا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچكە بولغان ئىشىنىش چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسە، بۇ، پەن خۇراپاتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتدارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى قېزىش تۈپەيلى ئېغىر تەبىئەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كرىزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كرىزىس (مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى، ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى، مائارىپنىڭ دوگمىلىششى، قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى... قاتارلىقلار) ۋە روھىي كرىزىس (ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئەقىدىسىزلىك، روھىي كىسەللىك...) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

20 - ئەسىر شۇقەدەر ئەسەبىي قىلىقلار بىلەن تولغان ئەسىر بولدىكى، كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى. ئىجادىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق بالانس رەۋىشتە روياپقا چىقتى.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۈگۈنكى روھىي كرىزىستىن ئاللىقاچان بىشارەت بېرىشكەنىدى. 19 - ئەسىر دىنىي جەمئىيەت دەۋرى بولدى. ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەددىيە قىلغان ئېتىقاد ھوقۇقى، قانۇن

ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرى ئېپىسكوپلار، پوپلار ۋە مىسسىيونېرلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىندى. ئېتىقادتىكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك ئەمەلدە يوق قىلىندى. شەخسنىڭ خۇدانى چۈشىنىش ۋە سىغىنىشتىكى ھوقۇقى تالان - تاراجقا ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا گىرمانىيە پەيلاسوپى ف. نېتزى: «خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلىغانىدى. بۇ ئۆلگەن خۇدا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇدانىڭ بارلىق بەندىلەرگە بولغان ئورتاقلىقى يوقىلىپ، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە دەرىجىلەرنىڭ غايىپ شاھىدى بولۇپ قالدى. خرىستىئان دىندارلىرى بەئەينى ئۆلۈك خۇدانىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خرىستىئان دىنىنىڭ پات ئاردا ھاكىمىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلىشىدەك رېئاللىقنىڭ سايىسى يىراقتىن ئايان بولۇپ تۇراتتى.

رىستارلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى شائىرلارغا خاس رومانتىك دۇنيانىڭ زەربىگە يولۇققۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. رىستارلىقنىڭ تۈگىشى ئىنساندىكى قىشلاقچا خاس تەبىئەتنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدۇر. بۇنداق چاغدا جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەركىتى مۇتەپەككۇرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە، نوقۇل ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان سىئاسىيونلۇق سەھنىگە چىقىدۇ. شۇڭا 19 - ئەسىر ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە مايىل تەبىئىيتى بىلەن دىن، ھوقۇققا مايىل تەبىئىيتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەنزىرىسى بىلەن خاراكتېرلەندى. 19 - ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋەيران بولۇۋاتقان ئىنسانىي قىممەتكە ئوقۇلغان ھەسرەتلىك ناخشىدۇر. 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئادوۋكات (قانۇنچى) لار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ بېشىدىكى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرگە ئايلاندى. سىياسىي رەھبەرلىك دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ۋاستىلىرىغا ئايلاندى. سانائەت بىلەن ماشىنا ئىنساندىكى مۇنەۋۋەرلىك ۋە ئىجادىي كۈچنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شائىرلارنىڭ لىرىك سادالىرى ماشىنىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئىچىدە دىمىقىپ، بوغۇق ئاڭلىنىدىغان، ھەتتا ئەسەبىي چىرقىراشقا ئايلىنىپ قۇلاقنى يارىدىغان بولدى.

مودېرنىزمچىلار ئىنسانلاردىكى روھىي بىمارلىقنى ماس شەكىللەر، غەيرى ئۇسلۇبلار بىلەن ئەيىنەن كۆرسەتتى. روشەنكى، مودېرنىزمىمۇ بىر خىل رېئالىزىم بولۇپ، ئۇ، بۇرمىلانغان ئىنسانىي چىنلىقنى بۇرمىلانغان تەپەككۇر شەكلىدە ئەيىنەن كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات روھىي ئازابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نالىسىنى چىخقىلىپ تۈۋلىدى-دە، ئەدەبىلەر ئۆلدى-ئەدەبىلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى پەۋقۇلئاددە ئوبرازى خىرەلەشتى. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دۆلەت سىياسىي ئىقتىسادنى مەركەز قىلىدىغان بولدى. ئەمەلىكتە ئىقتىساد ئالىملىرى زۇڭتۇڭلار، باش مىنىستىرلار، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە سېكرېتارلارنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىللىرىگە ئايلاندى. ئىنسان قىممىتىنىڭ مەركەزلىك ئورنى شەكلەن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت روھىي، تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىن تولۇق تەنھالىققا يەتتى. ھەل قىلىش قىيىن بولغان تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىنسانلارنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، تۈزۈك نەپەس ئالالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. دېمەك، بۇ دەۋردە ئىنسان ئۆلدى. غەرب مۇتەپەككۇرلىرى يۇقىرىقى ئۈچ ئۆلۈمنى ئايرىم-ئايرىم تۈۋلىغاندا، خەۋپ ۋە شاۋقۇن-سۈرەن قاپلىغان تىنچسىز دۇنيا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەمىمىي ئاۋازىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يۇتۇۋەتتى.

20-ئەسىردىكى يەن ۋە دېموكراتىيىگە يۈزلىنىشنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرى جۇڭگو زېمىنىغا ئۇرۇلۇپ تۇردى. بۇ 100 يىل ئىچىدە جۇڭگونى ئاساسەن ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئېلىپ باردى، دېسە بولىدۇ. بۇ جەرياندا سانسىزلىغان زىيالىيلار (ئەلۋەتتە غەربپەرەس زىيالىيلارمۇ) ۋەيران بولدى. ئاۋئاماتىكىغا بېلىقچى كېمىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشتەك مەمەدانلىق جۇڭگونى خەلقئارا تەسىر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يېتىم قالدۇردى. جۇڭگو بۇنى ئاخىر چۈشىنىپ يېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەزى ئىسلاھاتلارنى كىرگۈزدى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر زور بولغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى، قىممەت قارىشى ۋە بىر پۈتۈن ساپاسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، غەربتىمۇ ئادەم كرىزىسى مەۋجۇد، بىراق بۇ

ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ ۋايىغا يېتىشى، ئەركىنلىك، دېموگراتىيە مۇھىتىدىكى ئىجادىي روھنىڭ ئۇرغۇشىدىن كېيىنكى كرىزىس بولۇپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ساھەلىرىدىكى ئەقلىنىڭ تويۇنۇشىدىن كەلگەن، دېمەك، غەربتىكى كرىزىس مۇكەممەل توقلۇقتىن كەلگەن. جۇڭگودىكى كرىزىسچۇ؟ جۇڭگودا ئادەم كۆپ بولۇشىغا قارىماي، ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەت بوغۇپ قويۇلغان. ئەقلىنىڭ بوغۇلۇشى پۈتۈنلەي بوغۇلۇشىدىنمۇ يامان. نەتىجىدە كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشتىكى رولىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تاماق يەيدىغانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. لى مېڭ ئەپەندى جۇڭگودىكى بۇ خىل كرىزىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «جۇڭگولۇقلارنىڭ كرىزىسى تارىختىن بۇيانقى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كەلگەن. بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار تەبىئىي پەندىكى ئەقلىيلىقتا كەمتۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت دېموكراتىيىسى جەھەتتىكى ئەقلىيلىقتىمۇ كەمتۈك. جۇڭگو دۇنيادىكى ئىلىم - پەن ۋە دېموكراتىيىنىڭ دولقۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئاخىرقى بىر پارچە قاقشال زېمىن بولۇپ تۇرۇۋەردى» ( «جۇڭگو كرىزىسى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىندى. ئىسلاھات نەشرىياتى 1998 - يىل 12 - ئاي نەشرى) . دېمەك، جۇڭگودىكى كرىزىس روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى گادايلىقتىن كەلگەن. نەچچە ئەسىرلىك يىغىلىق ۋە مۇھتاجلىق جۇڭگولۇقلاردىكى روھىي ساپانىڭ يېتىلىشىگە زادى ئىمكان بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك تالان - تاراجى، فېئودال ئىچكى كۈچلەرنىڭ زۇلۇمكارلىقى بۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە تۈزۈك ئويلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلمىغان. ئەنگلىيە تارىخچىسى ئارنولدتويىنبى ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقاپ كەتكەن 24 مەدەنىيەت (ئەلۋەتتە، 24 مىللەت - دۆلەت) نى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب - ناھايىتى بالدۇر گۈللىنىپ كەتكەنلىكىدە، دەپ چۈشەندۈردۇ. جۇڭگونىڭ كۆزى ئەقىدىسىنى ئۇمۇرتقا قىلغان مەدەنىيىتى گەرچە يوقاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرخىل رىتىمدىكى ئۆزۈن تارىخى ئەرزىمەس

روھىي غالىبىيەتچىلىكنى پەيدا قىلغان - دە، ئەمەلىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەغرۇرلۇق ساقىت بولۇش قىيىن بولغان ئىرسىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىرسىيەت جۇڭگونىڭ «قاپ ئوتتۇرىسى» دا تۇرغان 中国 نى ئەجدادلىرىغا نىسبەتەن بولغان مەئىشەتتىن ئايرىۋەتكەن.

كۇڭزىنىڭ: «ئەجدادىغنى ئۈرنەك قىل» دېگەن سۆزى جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر. دەرۋەقە، جۇڭگودىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۇڭزىنىڭ قائىدە - يوسۇن دەستۇرى، پاساھەتلىك شېئىر - نەزمىلەرنى پىششىق يادقا ئېلىش، خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدى. سۆز قىلغاندا كونا كىتابلاردا ئىشلىتىلگەن ماقال تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملارنى ئىشلىتىش تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى بولدى.

كۇڭزى يەنە مۇنداق دېگەندى:

«بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھتۇر.
شامال ئۇچسا قايانغا،
گىياھ شۇيان ياتادۇر.»

جۇگېلياڭ فېئودال جۇڭگودىكى تىپىك ئۆلىما (زىيالىي دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش بولامدۇ، يوق؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك). لېكىن ئۇ شۇنچە مول بىلىمى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن زاۋال تېپىۋاتقان خانىدانلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرۈپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇمۇ «ئەجدادىنى ئۈرنەك قىلىش» نىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا چەمبىرەك بىلەن ئۆزىگە قارىغاندا قابىلىيەتسىز، ھاماقەت تاڭ سىڭغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ھەتتا كۇڭزىنىڭ ئۆزىمۇ ئوردا ئىچىگە تەلمۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي كۈچىنى كونىنى تىرىلدۈرۈش، ھاكىمىيەتنى بېزەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىپ، دىلىدىكى ئارمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەن. ئۇلار بۇ خىل ئوبرازى بىلەن خەلققە ئۆزىنى پرومىتېدەك بېغىشلايدىغان قەھرىمانلاردىن

تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ.

غەرب زىيالىيلىرى ئۆز دەۋرى سىغدۇرالمايدىغان ئىلمىي قىياس ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ بالاغا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەربىر ئۆز دەۋرىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىگە ئايلىنالىغان. تارىخ ھەرقانچە بەدنىيەت بولسىمۇ، تەبىئەت بىلەن ئىنساندىكى پىترەت (تەبىئەت) كە بېقىنىدۇ. قانداقتۇر بىر مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، تارىخ ئۆزى قۇربان قىلىۋەتكەن ھەقىقەتچىلەرنىڭ قەبرىسىگە باش ئۇرۇپ، ئۆزىگە ئاشۇ قەبرىنىڭ تويىسى بىلەن ئۇل سالىدۇ.

ۋەھالەنكى، پاكىزە قەبرە تاپقىلى بولمىسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە.

لى مېڭ ئەپەندى «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ۋە تەقدىرى» دېگەن ماقالىسىدە يۈز - خاتىرە قىلمىغان ھالدا جۇڭگودا زىيالىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى «4 - ماي» دىن كېيىنكى ئىش، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇشۇنى نادانلىق، كونىلىققا قارشى ئىسيانكارلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى زىيالىيلار پاجىئەسىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىدۇر. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇقىمسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشتا رول ئوينايدىغان كەسپىي سەرخىللارنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

مانا ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە شەھەرلىشىش تېزلەشتى، شەھەرلەردە كۆككە تاقاشقان بىنالار، ئۆتتۈشمە كۆۋرۈكلەر زامانغا يارىشا ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. خۇسۇسىي ماشىنىلار كۆپەيدى، كاستيۇم - بۇرۇلكا، شىبلىت كىيىش ئومۇملاشتى. قوللىرىغا يان تېلفون ئېلىۋالغان دىرىكتور ئەپەندىلەرنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بىراق بۇلار يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدۇ. ئۇلار گۈزەل بولغىنى بىلەن كۆۋرۈك قىلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، قۇرغاق ھاۋا ئەسلىگە كەلسىلا، بۇ رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنمەي قالىدۇ.

بوگــۇنكى گۈللىنىۋاتقــان جۇڭگــودا ئىككــى قۇتۇپلىشـــىش روشەنلىشـــىپ، يەر ئىســلاھاتى مەزگىلــدە يوقالغــان ئىككــى قۇتۇپنىــڭ ئــۆزگىچە ۋارىيــانتى بــاش كۆتــۈردى. ھوقــۇق مەركەزلەشــتۈرۈلگەنىدى، ئەمەلــدارلار بىــلەن پۇقرالارنىــڭ نىســبىتى تارىختــا مىســلى كــۆرۈلمىگەن ســەۋىيىنى يــاراتتى. مەســىلەن، جۇڭگو تارىخىدا مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق ئۆسكەن:

خەن دەۋرىدە 1 : 7945

تاڭ دەۋرىدە 1: 3927

چىڭ دەۋرىدە 1: 911

ھازىر 1: 30

( «7 - قىتىملىــق ئىــنقىلاب» دېــگەن كىتــاپتىن ئېلىنــدى. «ئىقتىســاد گېزىتى» نەشرىياتى 1998 - يىلى 4 - ئايدىكى نەشرى)

روشــەنكى، جۇڭگــو جەمئىيىتىنىــڭ قۇرۇلمىســىدىكى ئــۆزگىرىش يەنــىلا مەنســەپدارلارنىڭ كۆپىيىشــى بىــلەن نەتىجىلەنــگەن، پــارىخورلۇق، چىرىكلىــك باش كۆتۈرگەن.

ئىقتىســادىي ئىســلاھات يولغــا قويۇلــۇپ، بىــر قىســىملارنىڭ ئالــدىن بېيىشــى تەشــەببۇس قىلىنــۇۋىدى، بــاي - كەمبەغەللىــك پەرقــى زىيــادە چــوڭ بولــۇپ كەتتــى. ماتېرىيــاللاردىن مەلــۇم بولۇشــىچە، جۇڭگــو نوپۇســىنىڭ 3% گە يەتمىــــگەن كىشــــىلەرنىڭ بانكىغــــا قويىغــــان ئامــــانىتى پۈتكــــۈل مەملىكەتتىكــى پىــزا بــازار ئامانىتىنىــڭ 28% نــى ئىــگىلەيــدىكەن. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە بــۇ پۇللارنىــڭ كــۆپ قىســمى ھۆكــۈمەت بەرگەن ھوقــۇقنى دەســتەك قىلىپ تۇرۇپ تېپىلغان.

كــۆز ئالــدىمىزدىكى ئەھــۋاللارنى ئالســاق، ئۇرۇمچىنىــڭ مەلــۇم بىــر مېھمانخانىســىدىكى بىــر قېتىملىــق ئــادەتتىكى زىيــاپەتكە كەتــكەن پــۇل خــوتەن يېزىلىرىــدىكى بەزى دېھقانىنىــڭ نەچچە يىللىــق كىرىمىــدىن چــوڭ. ئــادەتتىكى بىــر شــىرە زىيــاپەت بىــر ئوقۇتقۇچىنىــڭ ئاساســلىق مائاشــىنىڭ بىــر يېرىمــى يــاكى ئىككــى ھەســسىگە تەڭ كېلىــدۇ (ئەلــۋەتتە، ئــايلىق مائاشــى كــۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ) .

يــۇقىرىقىلاردىن باشــقا، ئــىش ســۈپىتى، تــاۋار ســۈپىتى، ئــادەم ســۈپىتى،

ئىشىسىزلىق قاتارلىق ئامىللار يېغىباشتىن ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

زامانىمىز كرىزىس تۈيغۇسىغا ئىگە زىيالىيلارنى يېتىشتۈرمەكتە. بۇ پات ئارىدىكى كرىزىس تۈيغۇسىغا ئىگە رەھبەرلەردىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇلار ئويلانماقتا، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سۈپىتىدە ئىلغار تەكلىپ - لايىھىلەرنى سۇنماقتا.

3

بىزمۇ كرىزىستە تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى كرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭ كرىزىسىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ كرىزىس دەل كرىزىسنىڭ كرىزىس پېتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك، تارىخىي كەچۈرمىش، ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رايون بىز خوشلىشىۋاتقان 20 - ئەسىردە مۇرەككەپ تارىخنى باشتىن كەچۈردى. بۇ رايون ئوخشىمىغان چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ بىۋاستە سەھنىسى ۋە ئوبيېكتى بولدى. بۆلگۈنچى مىلتارىستلار بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تاراڭ قىلدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى توستى. زىيالىيلار قوشۇنىنى خەلققە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان دەرىجىدە چەكلىدى. ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، سۇيىقەست قاتارلىق سىياسىي ۋاستىلەر تۈپەيلىدىن ھالسىرىغان بۇ زېمىن يىغى جۇغگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېڭى قىياپەتتىكى تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئەلۋەتتە، 50 يىلدىن بۇيان پۈتكۈل مەملىكەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىسسىق - سوغاقلار بۇ يەردىمۇ بولدى. گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشلار بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى - تاشقى قىياپەتلىرىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بىز بۇ ئالامەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

1. قاتناش تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان، پويىزلار ئىگىلىدى. ئات - خېچىرلارنىڭ ئورنىنى ماشىنا،

ئاپتوبۇسلار ئىگىلىدى. دىيارىمىزدىكى تاش يول ئۇزۇنلۇق جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ تاشيوللارنىڭ ئەڭ ئۇزاق مۇساپىسىنى ئىككى كېچە كۈندۈزدە، كىچىككەندە ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال رايونىمىزدىكى سودا - سېتىق، مەدەنىيەت مائارىپ ئالاقىلىرىنى راۋاناشتۇردى، شۇنداقلا ۋىلايەتلەر ئارا كۆرۈلىدىغان ئۆرپ - ئادەت، خۇلق - مىجەز، تەپەككۇر پەرقىنى ئازايتتى. يەرلىك پىسخىكىنىڭ ئورتاقلىق تەرىپى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېھتىياج قانۇنى بويىچە يۆرۈشلىشىشى بىر قەدەر ئەۋزەل كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە زۆرۈر بولىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۆز رولىنى نىسبەتەن جارى قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭى ساھە، يېڭى ئېھتىياج ئالدىدا ئېڭىنى، سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش تۇغرا كېلىپ قالاق، قاتمال قىممەت قارىشىنى مەلۇم مەنىدە ئۆزگەرتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئىستىخىيىلىك ھالدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆز يېرىسىغا مەھكۇم بولۇپ، نوقۇل دېھقانچىلىققا يۆلىنىپ قالغان بىر دېھقانغا قارىغاندا، لەنجۇ، گۇاڭجۇلارغا كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلغان دېھقانىنىڭ ئېڭى بىر قەدەر يۈكسەلگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە بىر شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر دېھقانىنىڭ تىجارەت قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يەر - مۈلۈكلىرىنى ئۇزۇل - كېسەل تاشلىۋېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقانداق زور بايلىق زېمىن بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. زېمىندىن ئايرىلغان ھالدىكى بايلىق بەرىكەت تاپمايدۇ. خەلقىمىز تىجارەت قىلدىم دەپ پاك - ھالال ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئاخىرى ئۇزۇل كېسەل بەربات بولغان پەرزەنتلەرنى ئاز كۆرمىدى. ئۇلار ئۆز خەلقى ۋە ئاتا - ئانىسىغا ئەسقېتىش تۇگۇل، ئۇلانىڭ باغرىنى خۇن قىلدى.

هېكمەت:

«ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،
ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر.»

بىر ئىشنى قىلىشتا مۇددىئا ئايدىڭ بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ھالال - توغرا بولۇشى كېرەك. ھايۋاندا ئەقىدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ چاكارلىقىدىن ئۆزگە ئەۋلادى ئۈچۈن ھېچبىر نىشان قالمىدى. ئېشەكنى ھەجگە ئېلىپ بارسا، ئېشەك پېتى قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بارغان ئەمەس، بەلكى ئاپىرىلغان. ئادەمنى ھايۋان ئۈچۈن ئەقىدىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەقىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى تونۇغان، ئىش - ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇلدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى خۇسۇسىي ئىگىلىك كوللېكتىۋىزمچە ئۇسۇلغا ئۆتتى، ئاخىرىدا ھۆددىگەرلىك شەكلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىككە كۆچتى. ۋاستە جەھەتتە ئەسلىدىكى كالا، ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى قىسمەن ھالدا تراكتور ئىگىلىدى، جوۋازنىڭ ئورنىنى ماي زاۋۇتى ياكى كېلىشمە باھالىق ئاشلىق - ماي دۇكانلىرى ئىگىلىدى، ئەسلىدىكى تۈگمەننىڭ ئورنىنى ئۇن زاۋۇتلىرى ئىگىلىدى. يېزىلارغا ئېلېكتىر يېتىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن بىر قەدەر قولايلاشتى. ئۇنۇمىمۇ يامان ئەمەس بولدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا كەڭ تارقىتىلدى. بىراق بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى، دېھقانچىلىق ئەسلىھەلىرىگە كېتىدىغان چىقىمنىڭ زورىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يەرلىك دېھقانلار ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ماشىنا ئىشلىتىشكە، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئىلمىي باغۇەنچىلىك، ئىلمىي دېھقانچىلىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەۋىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى يەنىلا كىچىك بولۇپ كېتەلمىدى. دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىككە كېتىدىغان مەنقۇلاتلارنىڭ چىقىمى كىرىم بىلەن پەرقلەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. ئەگەر دېھقانلارنىڭ ۋاقتى بىلەن جىسمانىي

كۆچىنى سىلىشتۇرما قاتاردا ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا دېھقان ئۆز مېھنىتىدىن نەپكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ. ئادەتتە ئىقتىسادشۇناسلار تاپقان كىرىمنىڭ ئۆچتىن بىر قىسمىنى يېمەكلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئائىلىنى نامرات ھېسابلايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 360 كۈن دېگۈدەك قورساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان دېھقانلار قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ بۇنى بىز ئىقتىساد خادىملىرىمىزنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇرىمىز.

يۇقىردا ئېيتقاندەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدا شۇغۇللىنىدىغان قاششاق ھالەتنىڭ تۆگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ بۈگۈنكى يېزىلار قىياپىتىدىن يەنىلا ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى ئائىلىلەر بىر قىسىم ماشىنا - سايمانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكى ماھىيەت جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تۈستە تۇرۇۋەردى. ھۆل - يېغىن، تەبىئىي دەريا - ئېقىنلارغا تايىنىپ سۇغۇرۇش ئېلىپ بېرىش، يەرگە باغلىنىش، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ كۆپەيمەسلىكى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق تەسۋىرىدۇر. يەرلىك ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغان ئادەتتىكى سانائەتلەرمۇ بولمىغاچقا، ئەسلىدە بار بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك زامانىنىڭ شاللىنىشىغا دۇچ كەلدى. نەتىجىدە دېھقانلار تۇرلۇك ئۆي سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىش جەھەتتە توقۇل ئىستېمالچى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

نوقۇل يەرگە باغلىنىش، بىر تۇتاش پىلانلانغان مەھسۇلات ئۈچۈن ئىشلەش بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى. بۇنداق ھالەت ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى ئادەت كۈچىنىڭ ئىككى خىل رولى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئەنئەنىنىڭ يوقلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىرى، جانلىق ئىجادىي ماسلىشىشقا توسالغۇ بولۇش، بىز بۇيەردە تىلغا ئېلىۋاتقان ئادەت كۈچى بېكىنمە رايون كىشىلىرىدە بولىدىغان خاراكتىر جاھىللىقى، كالا ئىشلىتىش جەھەتتىكى قاتماللىق، تەۋەككۇلچىلىك روھىنىڭ يوق بولۇشى، تەشكىللىنىش، تەدبىقلاش

ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ياقا يۇرتلارغا ئىنتىلىشىنىڭ سۇس بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادكار خەلق ئىچىۋېتىلگەن جەمئىيەت، ئىچىۋېتىلگەن سىستېمىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەتكى، ئادەم ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى ئىجتىمائىي مۇھىتقا يارىشا جارى قىلدۇرىدۇ.

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسى سامولسېن ۋە نودخۇسلار مۇنداق قارايدۇ: «نۇرغۇن نامرات كىشىلەر تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىقتىسادى توختاپ قالغان دېھقانچىلىق رايونىدا ياشايدۇ ياكى شەھەرلەردىكى نامراتلار رايونىدا يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالغان» («ئىقتىساد ئىلمى»، جۇڭگو تەرەققىيات نەشرىياتى، 21 - نەشرى)

نامراتلىق كىشىنىڭ مائارىپتىكى سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، مائارىپ جەھەتتىكى سۈپەتسىزلىك نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلايدۇ. بۇ ئاخىرى بېرىپ جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

3. سودا - سېتىق بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ جانلاندى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھۆكۈمەت شەخسكە نېمە يېيىش، نېمە ئويلاش، نەدە تۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەت شەخسلەر ناھىيىلەر ئارا، ۋىلايەت - ئوبلاستلار ئارا سودا قىلىدىغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدىغان ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. يېڭى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەۋزەل ۋەزىيەت 80 - يىللار ۋە 90 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى ئوبدان جانلاندى. 70 - يىللاردا بىر قاپ سەرەڭگە تېپىشمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى، كىشىلەر ھازىر زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشكى ئالدىدىكى بوتكا ياكى ماگىزىنلاردىن بىمالال سېتىۋالايدىغان بولدى. يەرلىك خەلق باغۋارانلىرى ۋە ئېتىزلىرىدىن چىققان بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتمايتتى. تارىختىكى يىپەك يوللىرىنى ئېچىپ ھىندىستان، چاڭئەن، ئىراق، ئىران، يۇنانلارغا بېرىپ سودا قىلغان، جاھاندا سودىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزگە ئەللەرگە تونۇتقان بۇ خەلق بىر مەزگىللىك بىكىنمە تارىختىن كېيىن گاڭگىراش

ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، چۈنكى بۇ خەلق بازارغا بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ سېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان غەلىتە دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ ھەقتە بىھېساب ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈردى. تەئەججۇپكى، ئاشۇ رېئاللىقنى ھازىرقى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زامان ئەلپازىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدى. مانا ھازىر بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە يەتتى، گويا ھەممە ئادەم «سودىگەر» بولىدى. كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋاغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋۇجۇد بايلىقلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۇردى. كېلىشكەن بەدەن، دىلرەبا كۆز، ئوتقاشتەك لەۋلەر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئېلېمېنتلىرىغا ئايلاندى.

بۇ جەرياندا شۇنداق بىر ئاقىۋەت يۈز بەردىكى، بازارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زور بىر ھاڭ پەيدا بولىدى. جۈملىدىن، ھازىرقى بازار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن يىراق بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈردىكى - كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى روشەن ھالدا ئىلگىرى سۈردى.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ يەردىكى سودا بىر بولسا خام ئەشيا سودىسى، بىر بولسا تەييار مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان مەدەنىيەت، كەسىپ جەھەتلەردىكى سەۋىيە تەلىپى چوڭ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلكىدە پۇل كۆپەيسىمۇ، ئۇلارنىڭ سودا ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تەسىراتلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدى. ئۇلاردا سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئېچكى - تاشقى ئامىللىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتەك ئىستىخىيلىك ئاڭ مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەھلىل قىلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى ئاڭلىق ھالدا يارىتىش، قولىدىكى پۇللارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ مۇلازىمەت، كەسىپ، تىجارەتنىڭ يېڭى، زامانىۋى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش، سالمىقى چوڭ بولغان كارخانا - زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەن سۈپەتلىك

ئـــادەملەرنى تەربـــيلەش، ئـــۆز يۈرتـغـــا مەدەنـــيەت، بىلـــىم كىرگـــۈزۈش، ئىلغـــار تـېـتـكـــى تېخنىكـــا ۋە ئۈسـكـنـىلەرنى كىرگـــۈزۈش قاتـــارلىق تەلەپلەرنـــىڭ ھۆددىســـىدىن چىقالمـــىدى. ئەلـــۋەتتە، بۇنـىڭـــدا تـــۈپ ســـەۋەب بولمىغانـــدىمۇ ئاساســـلىق ســـەۋەبلەرنىڭ بـــىرى، ئۇلارنـــىڭ ياخشـــى تەربـــيە كـــۆرمىگەنلىكى، يەنە بـــىرى، ئۇلارنـــىڭ ئـــۆز - ئـــۆزىنى تەربـــيلەپ، بىلـــىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

كىشـــلەر يىغـــى جۇڭگـــو قۇرۇلـشـــتىن بـــۇرۇنقى مۇســـابايوفلار جەمەتـنـــى ئەسلـســـە شـــۇنى بايقايـــدۇكى، ئـــۇلار ھەم ســـودا قىلغـــان، ھەم مۇتەخەسسـســـلەرنى يۇرتقـــا تەكلـــىپ قىلغـــان، ھەم ئىلغـــار ئۈسـكـۈنىلەرنى كىرگـــۈزۈپ زاۋۇت قـــۇرۇپ، كېرەكلـــك بۇيـــۇملارنى بىۋاســـتە ئـــۆزى ئىشـــلەپچىقارغان، بـــىر بۆلـــۈك ئـــادەملەرنى ئاشـــۇ ســـاھەلەر بـــويىچە تەربـــيىلىگەن. مانـــا بـــۇ قـــۇرۇق نەزەريـــيلەر، ۋەز - نەســـھەتلەردىن تـــۈزۈلگەن دەرسـلـكـلەرگە قارىغانـــدا ئەڭ ئەمەلـــيي، ھايـــاتىي كـــۈچى زور ئەڭ زور بولغـــان ھەقىقـــيي مائارـــىپ! يەنە شـــۇنى ئەسـلـەش كېرەككـــى، ئـــۇلار يـــۇقىرىقىلارنى ئېلـــىپ بېـــرىش بـــىلەن بـــىرگە يىغـــى مەكتەپلەرنـــى ئېچـــىپ ســـۈپەتلىك كىشـــلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققـــا تەكلـــىپ قىلغـــان، ھەتتـــا دەرسـلـىك قۇرۇلمىســـى ۋە مەزمۇنـنـىمـــۇ زامانغـــا لايـــىق ئورۇنلاشـــتۇرغان. مانـــا بـــۇ مەكـــتەپ، جەمئـــيەت بـــىر گەۋدىلەشـــكەن تىرىـــك مائارـــىپ! بـــۇ ئەھـــۋاللار ئـــۆز زامانـىســـىدىكى كىشـــلەرنىڭ روھىغـــا ۋە ساپاســـىغا مۆلچەرلىگۈســـىز ئاكتـــىپ تەســـىرلەرنى بەرگەنكـــى، ئاشـــۇ خـــىل ئىلغـــارلىق تەســـىرىدىكى يـــارامىلىق ئادەملەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر كۈچ بېرىپ كەلگەن.

كىشـــلەر يەھۇدىيلارنـــىڭ بـــايلىق يـــارىتىش ئىقتـىـــدارىغا شـــۇنچە قايـــىل. بـــىزدە يەھۇدىيلارنـــىڭ ســـودا ســـەنئىتى، ســـۆھبىتىگە دائىـــر بەزى كىتـــابلارمۇ نەشـىرى قىلىنـــدى. ئـــۇلار ســـودىدا نـىمە ئۈچـــۈن شـــۇنچە زور مـــۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانـــدى؟ بـــۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزنـــىڭ مۇلاھىزىســـىگە ئەگىشـــىپ چارچـــاپ كەتـــكەن مېڭىســـىگە كىچىككىنـــە ئـــارام بېـــرىش ئۈچـــۈن يەھـــۇدىيلاردىكى بـــىر رىـــۋايەتنى تەنەپپۇســـلۇق ســـوۋغا ســـۈپىتىدە ئېيتـــىپ بېرىشـــنى لايـــىق تـــاپتىم. لـــېكىن ئوقـــۇرمەنلىرىمىزدە ئـــاز - تـــولا تەھلـــىل بولۇشـــى كېـــرەك. شـــۇنىڭدىلا

ھېكمەت تاپالايدۇ. يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىش يەھۇدىي بولۇپ كېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىشىدە ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىگە لايىق تۇغرا ئەقىدە بولغاندىلا، ئاندىن يات ئەقىدىلەرگە ئەگىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى يات ئەقىدىلەردىن تېگىشلىك ۋاستە ۋە تاكتىكا قوبۇل قىلالايدۇ.

مەزكۇر رىۋايەت مۇنداق:

«بىر ئېسىلزادە يىراق بىر ئەلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن 10 نەپەر خىزمەتكارنى ئالدىغا چاقىرىپ، ھەر بىرگە بىردىن يامبۇ بېرىپ مۇنداق تاپىلاپتۇ:

- سىلەر بېرىپ سودا قىلىڭلار، مەن قايتقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىڭلار.

بۇ ئېسىلزادە تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ، دەرۋەقە، ئۇ ھېلىقى ئەلگە ئىگە بوپتۇ. غەلىبە - نۇسرەت بىلەن قايتىپتۇ. ئۇ. يامبۇ تارقىتىپ بەرگەن ھېلىقى 10 خىزمەتكارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن سودىدا قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىنى سوراپتۇ.

بىرىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئى خوجايىن، سىز ماڭا بەرگەن يامبۇنى 10 قىلدىم.

- ياخشى، ئاقكۆڭۈل خىزمەتچىم، - دەپ ئۇنى ماختاپتۇ خوجايىن، - ئەڭ كىچىك ئىشتىمۇ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەچكە، مەن ساڭا 10 شەھەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردىم.

ئىككىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئى خوجايىن، سىز ماڭا تاپشۇرغان بىر يامبۇنى 5 قىلدىم.

- بۇمۇ ياخشى، - دەپتۇ خوجايىن، سەن بەش شەھەرنى باشقۇرساڭ بولىدۇ.

يەنە بىرى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئى خوجايىن، مانا قاراڭ، سىز بەرگەن يامبۇ مەيەردە، تېخى تەگمىدىم! قورقۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقالماي، ياغلىقىمدا تۈگۈپ ساقلاپ كەلدىم. مەن سىزدىن قورقاتتىم، چۈنكى سىز قاتتىق يامان ئادەم،

قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىسىز، تېرىمىغاننىمۇ يىغىسىز...

خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆكۈرۈپ - تاتىرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ:

- ھوي ئوسال مالاي، ئاغزىڭدىن چىققان گېپىڭگە يارىشا ئەدىبىڭنى بېرىمەن! سەن مېنىڭ قالتىس يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىدىغان، تېرىمىغان نەرسىنىمۇ يىغىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكەن نېمىشقا يامبۇنى بانكىغا قويۇپ، مەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى ۋە ئۆسۈمىنى ئەكەلمەيسەن؟

ئۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىپ يېنىدا ئۆرە تۇرغان بىرەيلەنگە دەپتۇ:

- ئۇنىڭدىن ئاۋۇ بىر يامبۇنى ئېلىپ، بىرنى 10 قىلغان خىزمەتكارغا بەرگىن.

- خوجايىن، - دەپتۇ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئادەم، ئۇ 10 يامبۇ پايدا تاپتىغۇ؟

- مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، - دەپتۇ خوجايىن، - پايدا ئالالمىغانلارنىڭكىنى ئۇنىڭدا بارلىرى بىلەن قوشۇپ تارتىۋېلىش كېرەك. پايدا تاپقانلارغا بولسا قوشۇپ بېرىش ۋە ئۇنى ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن كۆپەيتىشكە شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك» .

بۇ بىر ھېكايە. بىراق ئۇنىڭدىن بىر دۆلەتنىڭ مالىيە لوگىكىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دۇنيادا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەستە تۇتقان ھالدا تىجارەت قىلىش كىشىنى پۇلنىڭ قولىغا ئايلاندۇرمايدۇ، بەلكى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى چۈنكى ھاياتتا پۇل كېرەككە كەلمەيدىغان چاغلار كېرەككە كېلىدىغان چاغلاردىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. پۇل تېپىشتىكى غايە ۋە مەقسەتنى توغرا ھەل قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈلۈك نامراتلىققا مىخلانغان بولىدۇ. ھېكايىدىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت پۇل تېپىشنىڭ ئېپى بىلەن ساخاۋەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەنلەرگە، شۇنداقلا قانداق تەشكىللەشنى بىلگەنلەرگە مەنسۇپ. بۇ يەرگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ سەمىگە مۇھەممەد باھاۋىددىن نەقشىبەندي (1388 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ: «دىلىڭ ئىماندا بولسۇن، قولۇڭ ئىشتا

(بولسۇن)» دېگەن سۆزنى سىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس.

4. تېلېۋىزور بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە سىرتقى دۇنيانىڭ ماددىي كۆرۈنۈشلىرى، شەكىل - فورمىلىرى، ياشاش تەرزلىرىنى ھېسسىي رەۋىشتە تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ پەيدا بولۇشى چەت ئەل تۇرمۇشىنىڭ رېژىسسورلار نەزەرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن، پىششىقلانغان ياكى بۇرمىلانغان ۋارىيانتىنى كۆپلەپ يۈز كۆرۈشتۈردى. ئارقىدىنلا سىن قويغۇ، سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ تارىلىشى، CD، VCD، LD پىلاستىنكىلارنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىشىشى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى، غەربچە قائىدە يوسۇنلارغا تولدۇرۇۋەتتى ۋە ياشلارنىڭ ئېڭى، قىممەت قارىشى تېز ئۆزگىرىپ تاشلاندى. نەتىجىدە، بىر ئائىلىدە ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نىزامدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، ئاتا - ئانا ۋە بالا ھەمجەھەتلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئائىلە تەربىيىسى (شەھەرلەردىكى مىللىي ئائىلىلەردە ئائىلە تەربىيىسى دېگەن نەرسە بارغانسېرى يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى)، مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى چىرىكلەرنىڭ تەسىرى ئالدىدا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى دەۋرنىڭ قارا دولقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. يىگىتلەر نىكاھقا كەلگەندە قىزلىق ئىپپەتكە قاتتىق دىققەت قىلىشتىن سەل قاراشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق ئىپپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ تىجارەت شەكلى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىپپەتكە قويۇلىدىغان نازۇك تەلەپنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتتى. خىرۇئىن بىلەن ئەيدىز كېسىلى ئائىلىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە مۈلكى ئاساسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. ھاراق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى، ۋاقتى ۋە سالامەتلىكىنى خورىتىدىغان ئاستا خارەكتېرلىك چىرىتكۈچكە ئايلاندى.

بىز ھازىر كىيىم - كېچەك فورمىلىرى جەھەتتە دۇنياغا يۈزلەندۇق. غەربچە تۇرمۇشقا ياتىدىغان يېڭى يىل بايرىمى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى

شەھەرلىك كىشىلىرىمىزگە ئۆزلەشتى. چاچلىرىنى ئالتۇن رەڭدە بويىغان، مادۇنناننىڭ سىياقىدا كېيىنىۋالغان قىزلار، KENT,HILTON ماركىلىق سىگارتلارنى چېكىپ، ۋىسكى، بىراندىلارنى ئىچىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرمۇ بىزدە كۆرمك. ئەلۋەتتە، ياغلىق ۋە رومالLارغا چۈمكۈلۈپ يۈرىدىغان قىز-ئاياللىرىمىزمۇ بار. رەستىلەردە غەربچە مۇلازىمەت قىلىدىغان رېستورانلار بىلەن كىچىك ئاشپۇزاللار گىرەلىشىپ كەتكەن. رېستورانلاردا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن تانسا-دىسكولار بىرلىشىپ كەتكەن. ناخشا ئۇسسۇللىرىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئىقلىملارنى دوراپ، مىللىي مېلودىيىلىرىمىزنىمۇ ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

قارىغاندا، بىز خەۋەر تاپقانلىقى دائىرىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىمپورت قىپتۇق. بىز ھازىر يەر شارىدىكى ھەرقانداق مۇراسىم قائىدىلىرى، يەپ-ئىچىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىپ، شەنبە-يەكشەنبىلىرىمىزدە، ھەتتا ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ئاخشاملاردىمۇ خالىغانچە سورۇن تۈزۈدىغان، توي ۋە چايغا ئالدىراپ مېڭىشقان كىشىلەر كوچىلاردا بىر-بىرىمىزگە تەكرار دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بوپقالدۇق. كەچلەردە باللار بىلەن بىللە بولۇپ ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەۋلاد قوغداش ئىشىغا سەل قارايمىزكى، بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبى دۇنيادىكى ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنىڭ مۇزېيىغا ياكى ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى. بىز ھاراق ئىچتۇق، بىراق ھاراق ئىشلەيدىغان تېخنىكىغا قىزىقمىدۇق؛ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنى ئىستېمال قىلدۇق، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمىدۇق. غەربچە كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، قائىدە يوسۇنلارنى ئەكىردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادچان روھىنى ئەكىرمىدۇق. خىروئىن ۋە ئەيدىز كېسەللىنى ئەكىردۇق، بىراق بەدەن ۋە روھنى تاۋلاپ غالىبلار قوشۇنىنى تۇغۇدىغان رىقانەت ۋىجدانىنى ئەكىرمىدۇق، دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ شەكلەن ھادىسىلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ مېغىزى ۋە ماھىيىتىگە يەتمىدۇق. شۇڭلاشقا، بىزدە غەربچە ئىستېمالغا ئادەتلەنگەن

بولسىمۇ، ئىچى قۇرۇق ئادەملەر ساماندەك (كەچۈرۈڭلار، سامانمۇ ئۇنچە ئەرزان ئەمەس). بىزدىكى نۇرغۇن ھاللىق كىشىلەر چاچلىرىنى 20 - ئەسىرنىڭ زامانىۋى پاسوندا ياسىتىپ يۈرسىمۇ، كاللىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىخمۇ يوق. زامانىۋى چاچ پاسون، كونا زامانغا مەنسۇپ پىكىر شەكلى... مانا بۇلارنىڭ بىرلىكى بىزدىكى ئاچچىق كومېدىيىلىك قىسمەتنىڭ ماددىي تەسۋىرى.

5. پۈتكۈل 20 - ئەسىر بۇ ئىقلىمنىڭ زىيالىيلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۈپەتتىكى يىللار بولدى. بۇ سۈپەتنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى تەس. «زىيالىيلارنىڭ بۆرچى ئىنسانىيەت ئۈچۈن يول ئېچىش، نادانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، خەۋپ - خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھ ئارقىلىق تىنىمسىز كۈرەش قىلىشتۇر. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بۇنداق زىيالىيلارنى چىقمىدى دېگىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆن كۆچۈرۈشى تولىمۇ قىيىن بولغان». لى مېڭ ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى مۇھىتىمىزغىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنىچلىقنىڭ مۇساپىسى باشلاندى. بىراق جۇڭگودا تاكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر مۇقىم تىنچلىق بولمىدى. بۇ ئارىدا تۈرلۈك ئىنقىلابلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بەردى. نەتىجىدە، جۇڭگو خەلقى مىللىي تەرەققىياتقا كېرەكلىك نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. رايونىمىزنى ئالساق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللار يول ئېچىش تالانتىغا ئىگە پىكىرلىك ئەزىمەتلەرنى دەپنە قىلىش يىللىرىدىن ئىبارەت بولدى.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە مائارىپ جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات ئىشلىرى يېقىنقى زامان ئېھتىياجىغا يارىشا تەدرىجىي ئاشتى. بۇ مەنزىرە ئەلۋەتتە، بۇرۇن تۈزۈك خاتىرجەملىك كۆرۈپ باقمىغان خەلقنى كۆپ خۇرسەن قىلىدۇ. بۇ قېتىملىق گۈللىنىشتە ئەدىبلەر ۋە سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سالمىقى ئالاھىدە ئۇرۇن

تۇتتى. مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنى يورۇتۇپ بىرەلەيدىغان زور ھەجىملىك رومانلار بارلىققا كەلدى. ئالىي مەكتەپلەردە، ئاكادېمىيلاردا، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىم بىلىم يۇرتلىرىدا تىل - ئەدەبىيات كەسپلىرى بويىچە دوكتور تەربىيىلەش ئورنى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىش باشلىدى. بىز كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئاشۇ يۈزلىنىشلەر بىلەن ئۈمىدكە تولغان ھالدا 21 - ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ۋەھالەنكى، 21 - ئەسىر قانداق ئەسىر بولىدۇ؟ ئىنسانلار 21 - ئەسىردە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ قانداق ياشايدۇ؟ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرتىپ يۈزلىنىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ خەلقئارا قۇرۇلمىنىڭ ئىسلاھاتى قايسى خىل قىممەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ؟ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى قانداق خاراكتېر ئالىدۇ؟ ئىنسانىيەت نېمىلەرگە دۇچ كېلىدۇ؟ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتتا بىز قايسى خىل ئورۇنغا ئېرىشىمىز؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئاشۇ ئۈمىدۋار زىيالىيلىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. غەربنىڭ تۇرغۇن زىيالىيلىرى بۇ مەسىلىلەرنى خەلقئارا سەۋىيىدە قىياس قىلىپ بولدى، بىزگە بولسا پەقەت ئاشۇ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشنىڭ ئۆزىلا قالدى.

4

رېئاللىق پاكىت دېمەكتۇر. بىز ئالدىمىزدا تۇرغان كومپيوتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلسەكلا، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىمۇ بىزگە يېقىن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بەلكىم ئالتە يەتتە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى يوھان نەسبىتنىڭ «بۈيۈك يۈزلىنىش» دېگەن كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، كىشىلەردە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. ئۇ چاغلاردا قىزىق لەتىپىلەرگە، نەپىس ئۇسۇللارغا خۇمار خەلقىمىز ئۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلمايتتى. ئويغىنىشنىڭ ئەقلىي تېرەنلىكىگە يەتمىگەن خەلق ھامان ئۆزىنىڭ ئاقىل كىشىلىرىنى نامرات، ئېتىبارسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ - دە،

پۇرسەتپەرەسلەرنى سەمرىتىپ كۆرەڭلىتىۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ئارىمىزدا ئىنكاس پەيدا قىلماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمگىكىنى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىلمىيلىكى ئۈستۈن، خەلقنىڭ ئەقلىي بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان ياكى ئىجاد قىلغان كىشىلەر ھېلىھەم بازار تاپمىدى. بىز ئەسلىتىۋاتقان ئاپتور يوھان نەسبىت ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تونۇشتۇرۇپ، 21 - ئەسىردىكى قىياپەتلەردىن بەزى بىشارەتلەرنى بەرگەنىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىشارەتچىلەردىن خەۋەر تاپقان ئۇچۇرلىشىش، يەرشارلىشىش دولقۇنى بۈگۈن ھەقىقەتەن يېتىپ كەلدى.

بىر كىچىدىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى مۇنقەرز ھالەتكە چۈشۈرۈپ كرىزىس چىقارغان جورجى سوروسنى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بايلىقى 42 دۆلەتنىڭ بايلىقىدىن زور بولۇپ، دۇنيا پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

قەيەردە شالتاق بولسا، شۇ يەردە چوۋن بار

قەيەردە بالا - قازا بولسا، شۇ يەردە جورجى بار.

مانا بۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ سوروس ھەققىدىكى ئىخچام تەسۋىرى. مۇشۇ بىر مىسالنىڭ ئۆزىلا ئىقتىساد ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ دۇنياۋىي بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ.

1980 - يىلى ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى ئالۋىن توفلېر «3 - دولقۇن» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، «ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىكلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇنىنى تاماملاپ بولدى، ئەمدى ئۈچىنچى دولقۇن - ئۇچۇرلىشىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە 1990 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «ھوقۇقنىڭ كۆچىشى» ناملىق ئەسىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران كۈچى پۇلدىن بىلىمگە يۆزلەندى، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

1973 - يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئونىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسى

دانىل بىل: «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ قالتىس غۇلغۇلا قوزغىغان. ئۇ، سانائەت دەۋرىنى مۇنداق ئۈچكە بۆلگەن: «ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى ئىپتىدائىي ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ، تەبىئەتتىن دەسلەپكى بايلىقلارنى ئېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتى بولسا يۇقىرىقىلارنى مەركەز قىلىپ، تاۋار ئىشلەشكە تەشكىللىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى بولسا بىلىمنى چۆرىدەپ مەيدانغا چىقىدۇ» ( «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. تاۋدىيەن تۈزگەن. جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى). دېمەك، 21 - ئەسىر «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» («Knowledge Economy») دەپ ئاتالماقتا. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم - بەخت دېمەكتۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ كۈچى نۆۋەتتە تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن سىستېمىغا كەلتۈرۈلگەن دۆلەت ۋە بەخت - سائادەت قاراشلىرى كېيىنچە نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟ ئەڭ بالدۇر باشلانغان ئەنئەنە كېيىن نېمە ئۈچۈن يىگىلەپ قالدى؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تارىخچىلارنىڭ تېپىشىغا قالدۇرىمىز.

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، مىللىتىمىز تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تەكەللۇپ قىلماي ئېيتقاندا، بىز ھازىرقى سۈپىتىمىز ۋە زىيالىيلار قاتلىمىمىز بىلەن كەلگۈسىدىكى مۇشكۇل سىناقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. ئەمدىكى سىناق ھايات - ماماتلىق خاراكتېرى كەسكىن بولغان شەپقەتسىز سىناق بولۇپ، بۇنىڭدا شاللانغانلار يېڭى تارىخى مۇنبەردىكى غالىبلارنىڭ ۋۇجۇدىكى يېڭى قانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدىكى، خەلقنى باياشاد قىلىدىغان ھەقىقىي ئامىل شۇ خەلق ياشاپ كەلگەن زېمىندىكى كان بايلىقلىرى ياكى خام ئەشيالار ئەمەس، باشقىلارنىڭ تاسادىپىي ياردىمىمۇ ئەمەس، ھەتتا نوقۇل ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس. ئۇنداق بولسا بۇ ئامىل نېمە؟ بۇ، ئىلىم - پەننى قورال قىلغان تۇغرا ئەقىدە. ئىلىم پەن ئېينىشتېيىننىڭ

ئىزاھلىشى بويىچە ئېيتقاندا «كىشىلەرنى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلاندۇرىدۇ ۋە شەيئىلەرنى تەكشۈرىدۇ». دېمەك ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدۇ، مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، بۇ ھۆكۈم يېڭى بايقالغان ئۆزگە بىر قانۇنىيەت تەرىپىدىن ئىنكارغا ئۇچرايدۇ. بايقاش، ھۆكۈم، ئىنكار، ئىنكارنى ئىنكار قاتارلىقلار ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىدۇر. مەلۇمكى، بۇ جەرياندا نەچچە ئون يىل ھەتتا ئەسىرلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەرقانداق قانۇنىيەت ئۆزى رول ئويناۋاتقان دائىرىدە كۈچكە ئىگە، ئۇ يەنە بىر دائىرىدىكى قانۇنىيەتنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

روشەنكى، بارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر مۇتلەق قانۇنىيەت بار، ئۇ، چوڭقۇر ئىنساني ھېسنى شەكىللەندۇرۇپ، بۇ ھېسنى ئاستا - ئاستا پەرۋىشلەپ مۇكەممەل ئەقىلگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئەقىل پەننى توغرا يۆلىنىشكە، ئىنساننىڭ ھالال بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

مۇھەببەت ئادەمدىكى بىر قەدەر ئالىي ئېھتىياجدۇر، ئېتقاد مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر، ئەقىدە ئېتقاد يولىدىكى ھەرىكەتتۇر ۋە بۇ ھەرىكەت جەرياندا تونۇلغان ھەممە ئەقىل، قابىلىيەت، ئىنساني تەبىئەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان ساپ ھەقىقەت مەجمۇئەسىدۇر. ئۇ بىر كامالەتتۇركى، ئىنسان ئۇنىڭغا ھەيران قېلىش بىلەن سىغىنىدۇ، لەززەت تاپىدۇ، مەنىۋى دۇنياسىدىكى كەمتۈكلىكنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان چەكسىز داۋام قىلىدىغان ئەنە شۇ روھ سەپىرىدە ئىلھاملىنىدۇ، ئۆزىدىكى مۇۋاپىق كۈچ - قۇدرەتنى، ئىجاد ھەۋىسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى مەدەت ئېلىۋاتقان ۋە سۆيۈنىۋاتقان ئەنە شۇ روھ مەركىزىگە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىدە سادىر بولغان بەدبۇيلۇق ۋە قانخورلۇقلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ، يىرگىنىدۇ، ئىنسانلار ئارا بولىدىغان، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى روشەن تونۇشقا باشلايدۇ.

لېكىن، پەن - تېخنىكا ئاجايىپ گۈللەنگەن، مەئىشەتچىلىك ئەۋج ئالغان 20 - ئەسىردىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەخلاقىي

تاكامۇللۇقنى تاپالمىدى، ئەكسىچە، ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسكە پاتتى. شۇڭلاشقا، فرانسىس فوسان: «تارىخنى ئىقتىساد نۇقتىسىدىن شەرھىيلەش مۇكەممەل ئىش ئەمەس، ئۇ، كىشىنى قايىل قىلمايدۇ، چۈنكى ئىنسان نوقۇل ئەقتىسادى ھايۋان ئەمەس» دەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسونمۇ «تېخنىكا ماددىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، لېكىن سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ» دېگەنىدى. بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە غەرب دۇنياسىدىكى كرىزىسلىق ۋەزىيەتنى تېز سىزما ئۇسۇلدا ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق روناق تېپىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بىراق ئۇنى توغرا، گۈزەل غايە بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ مۇھىم. خەلقىمىزدە «ئەقىدىسىز ئالىم كىتاب ئارتىدىغان ئېشەك» دېگەن گەپ بار.

بىلىملىك ئادەمنىڭ چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. فاشىستلارنىڭ سىياسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ۋەھشىي قوراللارنى تەتقىق قىلىپ بەرگەن كىشىلەرمۇ قالتىس بىلىملىك كىشىلەر ئىدى. ئۆزىدىكى مول تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىنسانغا خىلاپ مەندە ئىشلىتىۋاتقان ئالىملاردىن بۈگۈنمۇ تالالاپ تېپىلىدۇ. ئارىمىزدا ئاز - تولا بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار، بىراق ئۇلارنىڭ بىلىمى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاران ئۆتكۈزۈشتىن ئاشمايدۇ. خۇددى نەم تارتىپ قېپىپ قالغان ئوقيا نىشانغا تەگمىگەندەك، بىلىم ئېلىشتىكى توغرا غەرەزنى تىكلىيەلمىگەن زىيالىي ئۆز خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە زىيانلىق رول ئوينايدۇ.

بىزگە ئىلىم - پەن، تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۆتكۈر زىيالىيلار تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بىزدە يوق بولۇۋاتقىنى ئەنە شۇلار. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە. بىز دانىل بېلنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا سېلىشتۇرساق، بىز ھەتتا سانائەتنىڭ 1 - باسقۇچى دەۋرىگىمۇ كىرمەيدىكەنمىز، مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كۆچىدىكەنمىز. ئەجەبا، 21 - ئەسىردىكى ئاۋات

شەھەرلەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدا كاۋابدانلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش يېڭى ئەسىرلىك رىسقىمىزمىدۇ؟ شۇ چاغدا يېڭى ئېچىلغان ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا ناغرا چېلىپ بېرىپ پۇل تاپقىلى بولارمۇ؟ ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قارىغاندا، جەننەتكىمۇ كاۋابدان كۆتۈرۈپ كىرسەك كېرەك.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم كېرەك بولىدۇ، زىيالىيلار جەمئىيەت چاقىنىڭ ئوقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق دېسەك «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم «سىنىپ» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، جەمئىيەت يۇقىرىلىرىغا بىلىم تەلىپى قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم خەلقنىڭ گەۋدىسى بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا سىنىپ شەكلىگە كىرىپ قالغان زىيالىيلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارتۇقچە بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ خىل رېئاللىقنى مىللىتىمىزگە تەدبىقلىساق، بىزدىكى مەسىلىمۇ زىيالىيلاردىكى سۈپەت مەسىلىمۇ زىيالىيلاردىكى سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

5

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ بوھرانغا ئوخشاش تارىخى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيالىيلار قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىدېئولوگىيە قوبۇل قىلىشتىكى مەنبەنىڭ ئوخشىماسلىقى، خەلقنىڭ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشەنمەسلىكى... مانا بۇلار كونكرېت مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېشىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تېما. بۇ تېما يېتەرلىك ئەمەلىي ماتېرىيال، كۆپ قىرلىق مۇلاھىزە مېتودىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز پەقەت يېقىنقى تارىخىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى زىيالىيلار پاجىئەسى بىر قىسىم تارىخىي روماں، قىسسە ۋە تەرجىمھاللىرىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يېغىلىقلار، قوزغىلاڭلار ۋە سىياسىي

ئۆزگىرىشلەر زىيالىيلارنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىتنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇنداقلا بار بولغان ئازغىنا زىيالىيلارنى ئامان قويمىدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق باھادىر ئوغلانلار ئەينى دەۋردىكى خەلقىنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ يارقىن سەمەلىرىدۇر. بۇ سەمەرلەر يەنە ئۆزگە ئوخشاش سانسىز ئەزىمەتلەر پەيدا قىلغان جەڭگىۋار مۇھىتنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، بەئەينى ھەر بىر جۇملىسىدىن ئىسسىق قانىنىڭ تەپتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇسلۇبى جۇشقۇن، ھەيۋەتلىك نۇتۇقنىڭ باش ماۋزۇلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەردلىك جۇشقۇن ۋە ئېگىلمەس بولىدۇ. نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاق بولىدۇ. سىياسەت مەردلىكنى يېپىنچا، نامەردلىكنى ماھىيەت قىلىدۇ. بۇ ماھىيەت سان - ساناقسىز ئاچچىق ساۋاق، تەجرىبە، نەيرەڭۋازلىقنى كەسىپ قىلغان ئەقلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسەت ئىبلىسقا ئوخشايدۇكى، ئۇ، ئىنسان تەبىئىيىتىگە مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇنى ئاستا ئۆزگە مايىل قىلىش يولى بىلەن كىشىلەرنى رام قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزگە كۆزلىگەن مەنزىلگە تۇيدۇرماي باشلايدۇ. ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىبادەتكە ئوخشايدۇ، ئىبلىسنىڭ ھۈنىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىبادىتى ئىبادەت بولالمايدۇ، نۇسرەت تاپالمايدۇ. خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر خەلىپىلەر ئالغان تاھارەتلىرى ھالال بولسىمۇ، شەيتاننىڭ ھۈنىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغاچقا، تاھارەت ئۇزۇنغا بارماي سۇنغان. بىزنىڭ تارىخىمىز بۇنداق مىساللارغا تولىمۇ باي. شۇڭلاشقا، «قەھرىمانلار ئوق يېگەن، ئەۋلادلىرى پوق يېگەن».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشتا ئېيتىلغاندەك گۈللىنىشنىڭ تىنچلىقتىن ئىبارەت ئاساسى تىكلەندى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يەنە بىر قوشۇن زىيالىيلارنى خەلقتىن ئايرىۋەتتى. بۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئۆزۈكچىلىك بىر بېسىپ ئۆتكەن شانلىق 20 يىل ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

1930 - ۋە 1950 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان زىيالىيلارنىڭ تولىسى ئارىمىزدا يوق، بارلىرى ياشىنىپ قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. ھازىرقى نۇقتىلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردا رول ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ئۇلار ئۆگەنگەن دەرسلىكلەر رۇسچە ياكى رۇسلار ئەندىزىسىدىكى مىللىيچە كىتابلار ئىدى. ئەمما يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قوبۇل قىلىشقان. پەن - تېخنىكىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئاتوم بومبىسى كەبىي مۆجىزىلەرنى ئىشقا ئاشۇرىشىدىن كەلگەن قايىللىق ئارقىسىدا سىڭگەن ئاتېئىزىم روھى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خىزمەتلەرنى بېجىرىشىدىكى يېتەكچى ئىدى. ئەمما ئۇلار خىزمەت ئىشلىگەن مۇھىت مەنىۋى جەھەتتىن قانداق ئىدى؟

ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ چوڭ بولغان مۇھىتى مۇسۇلمانلار مۇھىتى، ئۇلاردا بۇ خىل مۇھىتنىڭ مەلۇم تەسىرى بار. ئۇلار ئالىي مائارىپ ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىدا خىزمەت قىلدى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كادىرلار قوبۇل قىلغان ئىدىيە يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى گويا ئىككى سىنىپ كىشىلىرىدەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كادىرلار ماددىي تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن رۇسلاردىكى ياۋروپاچە يوسۇننى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، مىللىي تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ئالاھىدە بىلىنىدىغان بىر قىسىم رەڭلەرنى قوشتى. (بۇ، چېكىش، ئىچىش، كىيىش، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتلەردە كۆرۈلدى). بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز بىزدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئەمەس. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا،

بۇنداق ئەھۋاللار پېتىر دەۋرىدىكى رۇسىيىدىمۇ كۆرۈلگەنىكەن. پېتىر غەربىي ياۋروپالىششىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، رۇسىيىنى غەربىي ياۋروپا ئەندىزىسىگە ئۈندەيدىغان زىيالىيلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ زىيالىيلار 19 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپاغا ئۆزلىرى خالاپ كۆچمەن بولغان ياكى سىياسىي پاناھلىق ئىزلەپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپا ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئاق فورمىسى ئارقىلىق روسىيىنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاشقان. بىراق بۇ، خەلق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. «خەلقنى يىلتىز دېسەك، زىيالىيلار ئاشۇ يىلتىزدىن ئېچىلغان چېچەك. زىيالىيلاردا ئاشۇنداق شۇنداق بىر كېسەل باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى خەلققە ئوخشىمايمىز، دەپ قاراپ ئەتەي پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇ» (ياپونىيىنىڭ خەلقئارا جامائەت ئەربابى چىتىيەن دازونىڭ سۆزى). بۇنداق ئەھۋال ئەلۋەتتە ساغلام بولمىغان ئەھۋالدۇر. ئۇنداق بولغاندا خەلق ئۆزىگە راستتىن نەپ كەلتۈرىدىغان تەربىيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. زىيالىي ئۆزى بىلەن خەلققە ئورتاق ۋە ئومۇمىي بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمايدۇ.

ماركسىزم مىللىي مەسىلىلەرنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى مىللەت دېگەن ئۇقۇم ئابستراكت بولغان بىلەن، مىللەتنىڭ ئۆزى كونكرېت بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كونكرېتلىق زېمىن، تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھوقۇق قاتارلىق بىر تالاي مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىۋىزملىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىش ئۆز ئوبيېكتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك مەسىلىلەرگە قەدەر ھەممە نەرسىنى سەممىي نەزەرگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مىللەتتىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئېنىق ئەكس ئەتكەن ۋە ھۆرمەت قىلىنغان. قانۇن ئاساسىي خىزمەتلەردىكى ئىلمىيلىك ۋە ئۈنۈمنىڭ كاپالىتى. زىيالىيلار ۋە كادىرلار (ئەسلىدە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر گەۋدە) ئەمەلىي خىزمەتلەرنى بىر

تەرەپ قىلىشتا ئىلمىيلىكتىن كەلگەن مۇشۇ پىرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى زىيالىيلار كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، بىراق بۇلارنىڭ ئىلگىرىكىسى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى، بۇلار كوممۇنىزم تەربىيىسىنى پىروفېسسور ئەپەندىلەرنىڭ دەرسلىكىدىن ئالغان، ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاستە، تولۇقى بىلەن ئوقۇغانلا ئاز. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرى 50 تومدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ماركسىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش، ماركسىمنى يېتەكچى قىلغان دۆلەتنىڭ كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك بۇلار يا ماركسىزمنى تۈزۈك بىلمەيدۇ، يا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ماركسىنىڭ ئالدىغا بارسا ماركسقا يارىمايدىغان، خەلقنىڭ ئالدىغا بارسا خەلققە يارىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى ئىجرا بولۇشىدىكى توسالغۇلاردۇر. دۇنيادا بىرەر نەرسىگە پۈتۈن بولالماي، ھەممە نەرسىدە چالا بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ يوق.

مەدەنىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى بولىدۇ. بۇلاردىن بىرسى راۋاج تاپماي قالىدىكەن، مەدەنىيەت پالەچ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋىلىكى دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى شەكلىدە باش كۆتەردىيۇ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئاساسىدىكى يېڭىلاشتىن قۇرۇق قالغاچقا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان رولى ئىشقا ئاشمىدى. بىزدىكى زىيالىيلار قاتلىمى يالاڭ قاتلام، زىيالىيلار ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن ئورۇن ئالغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىچكى - تاشقى ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاچىدىغان، بۇ ئارقىلىق ماددىي گۈللىنىشنى يارىتىدىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىزدە توق دېيەرلىك. بار بولغاندىمۇ يەرلىك مەنىۋى ئاتموسفېرانىڭ شاللىشىغا ئۇچراپ تەرەققىي قىلالمىدى ياكى باشقا

رايونلارغا ئېقىپ كەتتى. دۇنيا قاراش ياكى ئاك فورمىسى ئىجتىمائى بولىدۇ، ئۇ بىرخىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلگەن بىلەن يەنە بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. دېمەك، دۇنيا قاراش مەلۇم بىر جەمئىيەتكە خۇسۇسىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەيكەللەر كەبىي مەدەنىي شەكىللەر ئەنە شۇ جەمئىيەتكە رول ئوينىغاش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ مەدەنىي شەكىللەرنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىستىخىيلىك رەۋىشتە قايرىپ قويۇپ، دۇنيا قاراشقا بېقىنىدۇ. ئادەم ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى قول بولۇشى كېرەكمۇ؟ كىشىلەر قۇلى بولۇشى كېرەك، دەپ جاۋاب بەرمىسە كېرەك. بىراق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى قۇللار ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا قۇل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەۋجۇد بولمايدۇ. مۇئەييەن دۇنيا قارىشىنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىدىغان مەدەنىيەت بارلىققا كېلەمدۇ؟

ماركسىزم قائىدىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاك فورمىسى ئۇستقۇرۇلمىغا كىرىدۇ. گەرچە ئۇ بازىسقا قارىتا پائالىيەتچانلىق رولىنى ئوينىسىمۇ، بەربىر بازىسنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ چەكلىمە دۇنيا قاراشنى بارا - بارا بازىسقا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان زەئىپ نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتچۇ؟ ماركسىزم ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئارىچى ۋاستە دەپ چۈشەندۇرىدۇ. مەلۇمكى، بۇ يەردە ئەدەبىيات - سەنئەت پەقەت ۋاستىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئاك شەكلىگە ئوخشاش مۇتلەق بېقىنما بولۇپ قالغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ئۇستقۇرۇلما ھېسابلانغان بولاتتى. ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنداق زىددىيەتكە ئىگە: ئەگەر ئۇ ئىجتىمائى مەسىلىلەرگە زىيادە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەگەر ئۇ ساپ ئېستېتىك دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىپ جەمئىيەت ھاياتىدىن مۇتلەق قول ئۈزسە،

ئىنسانىنىڭ رېئال تەقدىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى كونكرېت جەمئىيەتكە تەۋە ئىنساندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىنسانىيەتكە دائىر بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماي قالىدۇ. بۇ خىل روھ دوستېيېۋسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە يارقىن ئەكس ئەتكەن: «ئەي ئىنسان، ساڭا تەزىم قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىنسانىيەت تارتىۋاتقان بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە تەزىم قىلىۋاتىمەن».

بىزدە زىيالىيلار كۆپرەك ئىجتىمائى پەن ساھەسىگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە توپلاشقان. دەرۋەقە، بۇلار خەلقىمىزنىڭ بايلىقلىرى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئىمكانىيىتىنى يەتكەن دائىرىدە تەربىيىلەپ كەلدى، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا، ئىجاد ۋە مېھنەت بىلەن مەغرۇر ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مائارىپ سىستېمىمىزدىكى بەزى كىشىلەر شۇ قەدەر ساددىيكى، ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ نورماللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويدى، تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان بۇرچكارلىق ئالاقىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. چۈشىنىش نورماللىققا پاتىدۇ، تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويۇش بەدىلىگە كەلگەن ئىشىنىش بولسا، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىدە بەرق ئۇرۇدىغان ئىنسانىي چىنلىقنى يوقىتىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىرتلىنىشى ياكى كونكرېت بەلگىلەر بىلەن ماددىلىشىشى. گۈزەللىك ھېسسىي ۋە خۇسۇسىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئەڭ پىنھان ئىستەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ، ھېسسىياتنى مەنبە قىلىپ، ھېسسىياتقا تەسىر قىلىدۇ. ھېسسىيات كۈچلۈك ئېنېرگىيە سۈپىتىدە يالت قىلىپ چاقنايدۇ - دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چاقناش دىتى نازۇك كىشىلەرگە كۆپرەك مەنسۇپ

بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىش ھاياجانىنى ئالامەت قىلغان ھېسسىي ئويغىنىش بولۇپ، ئۇ ئەقلىي ئويغىنىشتەك تۇرغۇن، مۇقىم ۋە ئەمەلىي بولمايدۇ. گەرچە ئۇ خىل ئويغىنىش ئىنساندىكى سېزىمنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايەن قىلسىمۇ، بەربىر جەمئىيەت ھاياتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە قويۇلغان ئىلمى دىئاگنوز بولالمايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ئىنساندىكى تۇغما ئىقتىدار. ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئۆتمۈش دەۋرلىرىدىمۇ بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئەسەرلەر يارىتىلغان. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى سۈپەت ئۆلچىمى خېلى بۇرۇنلا يېتىلىپ بولغان. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ راۋاجىنى ئۆلچەيدىغان ئەمدىكى ئۆلچەم ئەنە شۇ سۈپەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، پۇقرالارنىڭ مەنىۋى ئىستېمال ئادىتىگە ئايلىنىشىدۇر. سۈپەت يۇقىرى سان ۋە كۆلەم ھالىتىگە كۆچتىمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدىكى ئەركىنلىك مۇھىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنسانىيەتتىكى قىشلاققا خاس تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. شۇڭلاشقا، چارۋىچى ۋە دېھقان مىللەتلەرنىڭ مىجەزى سەنئەتكە مايىل كېلىدۇ. يايلاقلاردا داستان ئېيتىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئاشۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدا تۈزۈم شەكلىدە رول ئوينايدۇ. يېزىلاردا بولسا توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپلەر مىللەت ھاياتىنىڭ تىپىك ئىجتىمائى كۆرۈنۈشلىرى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. قائىدە - يوسۇنلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت پۈتۈنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چېتىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەيران قېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، دېھقان مىللەتنىڭ زىيالىيسىمۇ ئالدىراشلىق ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت بىلەن تولغان شەھەر تۇرمۇشىدا تۇرۇپمۇ ئەنە شۇ ئېتنوگرافىيلىك چەمبەرگە مەھكۇم بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەنىلا ئىجتىمائىي نەيرەڭلەردىن خالىي ھالدىكى سەنئەت تىپلىق پىسخىكا. لېكىن بۇ پىسخىكا شەھەردە

بولىدىغان مەككارلىق ئادەتلىرى بىلەن چاڭلىشىپ سۈزۈكلۈكىنى يوقاتقان بولدۇ. شائىر مىللەتنىڭ ياتلاشقان شائىر پەرزەنتلىرى بەئەينى ئۇرۇقى بۇزۇلغان قوغۇندەك ئەجدادلىرىغا تۈزۈك ئوخشىمايدىغان ياكى يېڭى سورتقا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەلمەيدىغان غەلىتە قىياپەتتە بولدۇ.

مانا ھازىر دەبدەبىلىك قەسىدىلەر، مۇڭلۇق لىرىكىلار، دىيانەت، نادامەت ئىدىيىلىرى بىلەن تولغان پىروزىلار، بىر - بىرىگە تاپا قىلىشىدىغان ماقالىلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئېكرانلاردا نەپىس ئۇسسۇللار، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئارىلاشما ناخشىلىرى دىققەتنى مالىمان قىلىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئىستېمالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە پەندىنامە سۆزلەيدىغان ناخشىلارنى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئالاھىدە بازارغا ئىگە قىلغانلىقى، لوپا ئەينەك بىلەن قەدىمكى يېزىقلارنى مىڭبىر جاپادا ئوقۇپ، تەقدىرنىڭ رايىغا يېشىم ئىزدەۋاتقان ئالىملار ماددىي، مەنىۋى قەرزدارلىقىنىڭ كوچىسىدا يۈرمەكتە. ئالىملارنىڭ ئەقلى، نۇتۇقلىرى، يازغان كىتابلىرى ئەنە شۇ ئالىملارنى نورمال ياشىغۇدەك ماددىي شارائىتقا ئىگە قىلالمىدى. بايرام ۋە ئايەملەردىكى لاتاپەتلىك ئاشۇ قىستۇرمىلار بۈگۈنكى ئەقىل - پاراسەت دەرىجىمىزنىڭ رېئال ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىدى، بىزنىڭ ئىجادكار روھىمىز پەقەت ئەنە شۇ تەرزدىلا ئەكس ئەتتى ۋە جارى بولدى. گەرچە سەنئەتچىلىرىمىز بۈگۈنكى تاپاۋىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەرەققىي قىلغان باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندىلا يەنىلا كۆپ تۆۋەن. پەن - تېخنىكىدىكى تۆۋەن ساپا تۆۋەن ئىقتىسادىي مۇھىتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

خەلقىمىز ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئىنتايىن باي خەلق، چەۋەندازلىق، نەيزىبازلىق، كاماندازلىق، ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئوينايدىغان چەۋگەن توپ ئويۇنى، بۇقا بىلەن چېلىشىش، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش... كەبى خاراكتېر تاۋلايدىغان، جاسارەت، رىقابەت، تەشكىلچانلىق، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئۇيۇشقاقلىق كەلتۈرىدىغان مەدەنىي

شەكىللەر يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى كىشىنىڭ خاراكتېرىنى يۇمشىتىدىغان، نازۇك، رايىش، قېلىپ قويىدىغان، تەقدىرنىڭ سوئاللىرىغا پەرىشان - مۇڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇقەدەر غۇرۇرسىز سەنئەتكى، ئۇ، بۇتتەك ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان، ھاياجانلىنىش، چاۋاك چېلىش، ئىنكاس دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، خۇددى يوق تاماشىبىنلار ئالدىدىمۇ غەمزە قىلىشقا تەييار. بۇ ھالەت ئوردا ھەمراھلىرىنىڭ سالاپەت، كىبىرلىك ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزدا غورۇر بولۇشى، سەنئەتنى خورلىماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا ئابروي - ئىناۋەت كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، غورۇرى يوق سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، كۆڭلىگە نەچچە قېتىم ئويۇن كۆرسەتسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ھازىرقىدەك تۇرۇۋېرىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى ئالساق، بىزدە مەلۇم مىقتاردىكى ئادىيەتچىلەر قوشۇنى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى يېتەرلىك ئىجتىمائى سەزگۈرلۈك، مول مەدەنىي قاتلام، يۈكسەك نەزەرىيىۋى پەللە نۇقتىسىدىن تەھلىل، تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن تېخى يېتىلمىدى، بۇ پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرقانچە ئادەمدىكى نەزەرىيىۋى رامكا ئۆيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدە يېتىلگەن رامكا بولماستىن، 19 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى روس ئەدەبىياتى، جۇڭگونىڭ «4 - ماي» دەۋرىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە ئەنئەنە، ئېتىقاد، ئېستېتىك دىت جەھەتتە تامامەن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باھالايدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. دېمەك، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى رۇسلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتتۇق، بۇ پەقەت بىزدىلا ئەمەس، يۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات زېمىنىدا ئومۇميۈزلۈك سادىر بولدى. بىر مىللەتتە مۇستەقىل نەزەرىيىۋي سىستېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى ھاياتى كۈچىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ سىستېما تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ماس قەدەملىك

گۈللىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىدىن ھايات تاپىدۇ. ۋەھالەنكى، يۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ زىيالىيلىرى تەتقىقاتچى بولماستىن، پەقەت ئۇستىقۇرۇلما قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار يېڭى تارىخي دەۋردە يېڭى ئۇستىقۇرۇلمىنى يەرلىك خەلققە يەتكۈزىدىغان ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالدى.

زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ ئىچىدە تارىخچىلارمۇ سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ «تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان تەجرىبىلار مەجمۇئەسى» دېگىنى يادىمدا تۇرۇپتۇ. بۇ تەجرىبە ئەۋلادلارغا توغرا ھايات پروگراممىسى تۈزۈش، توغرا يولنى بەلگىلەش جەھەتتە ماياك رولىنى ئوينايدۇ. بىراق تارىخ ئاختۇرۇش، تارىخ يېزىش تولىمۇ زىل مەسىلە. تارىخچىلار ھامان فېئودال خانلارنىڭ رايى بويىچە بۇرمىلانغان دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ پارچە - پارچە سۆڭەكلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بىراق بەزى سۆڭەكلەر چىرىپ يوقاپ كەتكەن بولىدۇ، تارىخچى مانا مۇشۇ تراگېدىيىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇنەيدۇ. بەلكىم فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ۋولتېرنىڭ: «تارىخ خاتا يېزىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەكرار قايتا يېزىلىدۇ» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنگە ئىگە بولالمىغان خەلق ئۆتمۈشتىن تەسەللىي ئىزدەيدۇ، بۇنداق خەلقنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كەلگۈسىنى يېزىشنىڭمۇ تارىخ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيدۇ. ف.نېتزى تارىخنىڭ تىرىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: تارىخ تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ياد ئېتىش، ئىززەت - ھۆرمەتتىن بەھرىمان بولىۋاتقانلار ئۈچۈن قوغداش، ئازابلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن تەنقىد (ف.نېتزى: «تارىخنىڭ پايدا - زىيانى»، سودا نەشرىياتى 1998 - يىلى 10 - ئاي نەشرى).

دۆلىتىمىزدە زىيالىي كادىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىمتىھانلاردا كەسپىي سىناقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە سىياسىي سىناقلارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ. بەلكى سىياسى سىناق ھەممىدىن مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىر زىيالىي كەسپىي سايا ئىگىسى بولۇشتىن ئاۋۋال سىياسەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاك فورمىلىرىنى بىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلاردا مۇتەخەسسىسلىشىش دولقۇنى پەيدا بولدى. ئەمما، نىسبەتەن بېكىك، ئىقتىساد دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان، تېخى سولچىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن رايونلاردا بولسا باشتىكى تەلەپ يەنىلا كۈچكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق تەكىتلىنىدۇ. تۇراقلىق مائاش تۈزۈمى يۇقىرىقىلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى مائاشتا، مائاشنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق بولدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مائاش قاتتىق يېپىشتۇرۇلغان كونترول سىستېمىسى كىشىلەردە باشقۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلاردىكى ئاك ئاشۇ خىل يېپىق، تار مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تاپشۇرۇلغان ئىشخانا ۋە ئىدارىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بارلىق جانلىقلارغا خاس پائالىيەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەمگە خاس بىردىنبىر ئىقتىدار ئەمەس. ئەمما بۇ ئىقتىدار نەزەر دائىرىسى تار ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇسۇمەتچىلىك، ناتوغرا زىددىيەت ئۆسمىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئەتراپقا تېزلا يۇقىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە كۆرە بەلگىلەيدۇ.

ئاك ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ھايات، بارلىق، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، دۇنيانىڭ ھاياتلىقتىن ئىلگىرىكى ھالىتى، ئۇنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان ئالاقىلىرى، بۇ ئالاقىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئاڭنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئىنچىكىلەشتى، بۇ ھال ئىجتىمائى پەن ساھەلىرىدىمۇ

كۆرۈلدى. نەتىجىدە، قۇرتنى تەتقىق قىلىدىغانلار قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىغان، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە ھەسەن شېرىككە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. زىيالىيلار بىلەن ئاددىي قاتلاملاردىكى خەلقنىڭ ئارلىقى يىراقلاپ كەتتى. كۆپلىگەن زىيالىيلار پەقەت كۇندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كېتىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن كىتاب يېزىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنۋان ئالىدىغان، بالىسى قىزىتىپ قالسا يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا يۈگرۈپ بېرىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرىدىغان، تىلپۈنزوردىن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يۆتىلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆزىنى مەت قىلماي ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان شەخسىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

زىيالىي دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان مۇتەپەككۇرى ليوتارد مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «زىيالىيلار ئۆزىنى، ئىنسان، ئىنسانىيەت، مىللەت، خەلق، پرولېتارىيات، جانلىقلار ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشايدۇ» (ليوتارد: «كېيىنكى زامانىۋىلىق ۋە گۈۋاھلىق ئويۇنى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 1 - ئاي نەشرى). بۇ جاۋاب ھەرخىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنى تەك كۆزدە تۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، زىيالىي دېگەن گەپ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەقدىرداش دەپ تونۇغۇچى دېگەن مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقتا ياشاۋاتقان بىر ئەرباب يەنىلا زىيالىيلارغا قويۇق ئادەمگەرچىلىك پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا باققاندا، بىز قانداق تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك؟

يىلان ئادەملەر ۋىزىلىداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىغا تەمەچ تۇشۇپ، تەمەچ تاشلايدىكەن، قارلىغاچ شىددەتلىك دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرىمەن دەپ ئاغزىدا سۇ توشۇپ چاچىدىكەن. «ئەي قارلىغاچ، تامچە - تامچە سۇ بىلەن بۇ ئوتنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلەيسەن؟» دەپ سورالغاندا، قارلىغاچ: «ئىنساننىڭ ئازابىنى چۈشىنىش مېنىڭ ئەقىدەم، قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ئەقىدەم يولىدىكى ھەرىكىتىمدىن زىيادە لەززەت تاپىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يالان بىلەن قارلىغاچنىڭ كۆرىشى ھېلىمۇ مەۋجۇد. تەبىئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يالان بىلەن قارلىغاچنىڭ ھەر ئىككىسىلا يارالمىش مەخلۇق. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادالەت ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك دەقىقىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. دەسلەپتە ئۇ يېگانە بولىدۇ ۋە ئاشۇ يېگانىلىق ئىچىدە باشقىلارغا نېسىپ بولمىغان گۈزەللىك ھەم باتۇرلۇقتىن دەرس ئالىدۇ.

توغرا نىشانغا يۈزلەنمىگەن ئىلىم ئۆز ئىگىسىنى شەرمەندە قىلىدۇ، قارانىيەت كۆشەندىگە ئايلىنىدۇرۇپ قويىدۇ. ئالۋاستىنى بىلىملىك ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ لېكىن ئالۋاستىنىڭ بىلىمى ئىبلىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

6

قالاق يېزا ئىگىلىكىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت بىلىم ئىگىلىكىنى مەزمۇن قىلغان 3 - قېتىملىق سانائەت دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ساۋاتسىزلىق پاتقىقىدىن چىقىپ بولالمىغان بىر مىللەت كومپيۇتېر دەۋرىدىكى يەنە بىر ساۋاتسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تارىخنى ياخشى تونۇمىغان بىر مىللەت ئۆزىگە نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش بولغان يېڭى ئەسىرگە كىرىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدىكى دۇنيا ئىنسانىي ھەمكارلىقنىڭ تۈرلىرى كېڭىيىدىغان، مەدەنىيەت تېپلىرى ئۆتتۈرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلىشىدىغان، ئەقلىنىڭ قىممىتى بىۋاستە ئايان بولىدىغان بىر پۈتۈن دۇنيا. ئۇ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئالاھىدە تېزلىكى ۋە رىقابەت جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن بىزنى كۈتمەكتە. ئامېرىكىلىقلار «21 - ئەسىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ، ياۋروپالىقلار «21 - ئەسىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ، مۇسۇلمانلار «21 - ئەسىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ، جۇڭگولۇقلار «21 - ئەسىر شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ دەۋرى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەركىم يەنىلا ئۆزىگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئىزدىمەكتە ۋە ياراتماقتا.

پۈرسەت - ئىزدەش بىلەن يارىتىشنىڭ بىرلىكى. مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۇنان ئالىمى تالېس ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېتىۋېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن ئالدىدىكى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر سودىگەر بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

- سىز ئاسماندىكى نەرسىلەرنى بىلىمەن دەۋاتاتتىڭىز، پۇتىڭىزنىڭ ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قاپسىزغۇ؟ ئىلمىي تەتقىقاتتىن راستىنلا چوڭ نەپ ئاپسىز، ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزمۇ بىلىمنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن پايدىسى.

تالېس ئازگالدىن چىقىپ تەمكىن هالدا ئۇنىڭغا:

- ئېگىزدە تۇرالىغان ئادەمدىلا ئېگىزدىن ئازگالغا چۈشۈش هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولىدۇ. بىلمىسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەۋرەزدە ماكان تۇتۇش تۇرسا، ئۇنىڭ ئەركىن يىقىلىپ قوپۇشىدىن قانداقمۇ گەپ ئاچقىلى بولسۇن، - دەپتۇ.

ئۆزى يىقىلغان ئادەمدە قوپۇش ئەركىنلىكى بولغاچقا، مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ.

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1998 - يىل 5 - ، 6 - سان

## مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز، بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان. ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟ ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

## مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz　　menzilbiz@163.com